# مىراس

2

1983



خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا.



كۆچار توي مەشرىپىدىن بىر كۆرۈنۈش.



**چىمەن 1 ـ دادۈيىنىڭ نەغمىكەشلىرى**

# مىراس

بىرىنچى يىل نەشرى

1983

جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقات ئىشخانىسى

# بۇ ساندا

بەت

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى
مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى فۇۋېن مۇھىم سۆز
قىلدى .............................................. يەھيا سادىق 1

باھالاش ـ مۇكاپاتلاش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ........ پەتتارجان مۇھەممەدى 4

مۇكاپاتلانغان ئەسەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ئىسىملىكى ........................ 8

ئىمىر گور ئوغلى (خەلق داستانى) ........................ ئەرشىدىن تاتلىق 10

قەدىمقى چاغدىكى قوشاقلار ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ...... ت. ئالماس 42

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبراز بىلەن خاھىش توغرىسىدا... يۈسۈپ ھۈسەيىن 64

پىشقەدەم خەلق قوشاقچىسى، سازچى ۋە داستانچى تۇرغۇن موللا ئوسمان
........................ «مىراس» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى 69

قوشاقلار ........................ تۇرغۇن موللا ئوسمان 70

چۆچەكلەر ........................................ 75

ھەۋزىخان (كىچىك خەلق داستانى) ........................ شېرىپجان قاتارلىقلار 85

كىتاپخاندىن خەت ........................ سوپى سەلەي 93

ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار ........................ ئۇيغۇر تەتقىقات ئىشخانىسى 94

# ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئوتكۈزۈلدى

## يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمى ئەزاسى قۇۋۋېن مۇھىم سوز قىلدى

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تيانشان مېھمانخانىسىدا ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئوتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىۋە، مانجۇ قاتارلىق 50 نەچچە كەسپى ياكى ئىشتىن سىرتقى خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ئالقىش سادالىرى ئىچىدە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى تەرىپىدىن تارقىتىلغان مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر 8 مىللەت ئەسەرلىرىدىن 55 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 پارچە ئەسەر 1 - دەرىجىلىك، 23 پارچە ئەسەر 2 - دەرىجىلىك، 22 پارچە ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭدىن باشقا 11 پارچە ئەسەر شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە توپلاپ رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا نەشر قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى باھالاش - مۇكاپاتلاش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش، شۇنداقلا بۇ يىل مەملىكەت بويىچە ئوتكۈزۈلىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بىر قېتىملىق تەييارلىق بولدى.

باھالاش - مۇكاپاتلاش ھەيئىتى مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەردىن 13 پارچە ئەسەرنى نامزات قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرماقچى.

بۇ باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللى ئىشلار كومىتېتى ۋە جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمى ئەزاسى يولداش قۇۋۋېن قاتناشتى ۋە مۇھىم سوز قىلىپ مۇنداق دىدى: بىز بۇ باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتى ئىشىنى تېخىمۇ ئىلـ

ئىگىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئۇ سۆزىدە مۇنداق دېدى: شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەر مىللەت خەلقى، خەلق ئەدەبىياتى جەھەتتە ناھايىتى مول بايلىققا ئىگە. نۇرغۇن ئەسەرلەر شۇ مىللەت مەدەنىيەت مىراسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭمۇ قىممەتلىك بايلىقى. مەشھۇر «ماناس»، «جاڭغىر» داستانلىرى ھەم ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق داستانلىرى، چۆچەكلىرى ۋە قوشاقلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيە - ھېسسىياتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئېستېتىكىلىق نۇقتىئىنەزىرى ۋە بەدىئىي قىزىقىشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر ناھايىتى قويۇق مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. خەلق ئەدەبىياتى ۋەتەننى، يۇرت - ماكاننى ۋە ئەمگەكنى سۆيۈشتەك ئەنئەنىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقى - پەزىلىتى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس روھىي قىياپىتى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ قىممەتلىك ماتىرىيالى. خەلق ئەدەبىياتى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇستۇرۇشتە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مەملىكىتىمىز ھەم چەتئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش، لېكىن بىزنىڭ خىزمىتىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول بايلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخى تەلەپتىن يىراق، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش جەھەتلەردە، ھەقىقى تۈردە ئومۇمىي يۈزلۈك، پىلانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئىش قىلالمايۋاتىمىز. پۈتۈن مەملىكەت ھەم پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى، مەسىلەن، تارىخى داستان ۋە باشقا ئەسەرلەرنى ئىشلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتالمىدۇق.

يولداش ۋۇۋېن سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى — يېڭى چۆچەك، يېڭى قوشاقلارنى توپلاپ رەتلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. يېڭى دەۋردىكى يېڭى خەلق ئەدەبىياتى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى، يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، سوتسىيالىستىك يېڭى ئەخلاق - پەزىلەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى جانلىق دەستۇرى، بىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەسەرلىرىنى توپلاش بىلەن بىللە يېڭى خەلق ئەدەبىياتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇستۇرۇش-

كە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى گۈللەپ ياشنىتىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، كېڭەيتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يولداش فۇۋېن مۇنداق دېدى: بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنى قۇرۇش ئىشىمىز ۋە خىزمەت ئۇسۇلىمىزدا بەزى ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت. بىز بۇ قوشۇننىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىمىز. جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تولۇق تەشكىللىيەلمەيۋاتىمىز. مەخسۇس ئورگانلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىقى بىلەن ئاممىۋى پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ كېتەلىگىنىمىز يوق.

ئۇ مۇنداق دېدى: بىز خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: بىز خەلق ئارىسىغا بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى توپلاپ، ئەنئەنىۋى ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا يېڭى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئەدەبىياتىدىكى كوللېكتىۋىزىملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىزىملىق روھ بىلەن خەلقنى تەربىيىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا "ئومۇمىي يۈزلۈك توپلاش"، "قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" نىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، خەلق ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي تۈردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز.

يولداش فۇۋېن ئاخىرىدا خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرىنى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، غەيرەتكە غەيرەت قوشۇپ تىرىشىپ ئىشلەپ، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىدا يېڭى ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۈخۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى خەلق ئەدەبىياتچىلىرى بولۇپ، 100 دەك كىشى قاتناشتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلايوف رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ياسىن خۇدابەردى يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ رەئىسى پەتتارجان مۇھەممەدى باھالاش - مۇكاپاتلاش ھەيئىتى نامىدىن خىزمەت دوكلادى بەردى.

يىغىن 3 كۈن داۋام قىلىپ 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاخىرلاشتى. يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى چاي ئۆتكۈزۈپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنى كۈتىۋالدى. چايغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىرى بادەي ۋە فۇۋېن، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. چايدا خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن پارچىلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر ئوقۇدى. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسۇل ئانسامبىلىنىڭ بىر قىسىم ئارتىسلىرى ھەر خىل نومۇرلارنى ئوينىدى.

يەھيا سادىق

# باھالاش - مۇكاپاتلاش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

پەتتارجان مۇھەممىدى

يولداشلار!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش ھەيئىتىنىڭ 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا يىغىن بۈگۈن تەنتەنىلىك ئېچىلدى. مەن باھالاش - مۇكاپاتلاش ھەيئىتىگە ۋاكالەتەن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ھەمدە باھالاش - مۇكاپاتلاش خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىمەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقى ساقلانماقتا. كۆپلىگەن ئېسىل خەلق ئەدەبىيات مىراسلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بېرى، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، خەلق ئەدەبىيات خىزمىتى تەرەققىي قىلدى. ئاز بولمىغان ئېسىل خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى قېزىلدى، رەتلەندى، تەرجىمە قىلىندى ۋە كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىدى. بۇ ئەھۋال ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. "4 زىيانداش" زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان 10 يىلدا خەلق ئەدەبىيات خىزمىتى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا. خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە خەلق ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى رەھىمسىز زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خەلق ئەدەبىيات مىراسلىرى يوقىلىش خەۋپىگە يېتىپ قالغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق ئەدەبىيات ئىشى قايتىدىن جانلاندى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم غەمخورلۇقىدا، ھەر مىللەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتچىلار ۋە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يوقىلىپ كېتىشكە يۈز تۇتقان خەلق ئەدەبىيات مىراسلىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى، قېزىلدى، ساقلاپ قېلىندى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇش كىتابلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ھازىر سوتسىيالىستىك

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشتا پائال رول ئوينىماقتا.

12 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە ئىلھام بېرىش ھەم ئالغا سۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى بۇ يىل 4 ـ ئايدا مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توپلاپ رەتلەنگەن ۋە نەشر قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى رايونلارنىڭمۇ باھالاپ، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇ روھقا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باھالاپ، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 6 ـ ئايدىن باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كېڭىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى باھالاپ، مۇكاپاتلاش كومىتېتى ۋە بۇ كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە باھالاش ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى. ئۇلار ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىۋەچە 6 خىزمەت گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ ئىش ئېلىپ باردى. ھەر قايسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. ھەر قايسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئالدى بىلەن "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن تارتىپ 82 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رايون دەرىجىلىك نەشرىيات ئورگانلىرى نەشر قىلغان كىتاپ ـ ژورناللار ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىپ، تىزىملاپ، ئوقۇپ چىقىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە بىرسىنى قالدۇرماسلىققا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە تاللاش ئېلىپ باردى ۋە باھالاشقا قاتنىشالايدىغان ئەسەرلەر بەلگىلەندى. باھالاپ، مۇكاپاتلاش شەرتلىرىگە ئاساسەن ھەر قايسى گۇرۇپپىلار باھالىنىدىغان ئەسەرلەرنى كورسەتتى. شۇنداق قىلىپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ چىقتى. ئاندىن كېيىن ھەر قايسى گۇرۇپپىلار مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەر قاتناشقان سۆھبەت يىغىنلىرىنى قىچقىردى. ئۇلار ۋەكىللەردىن كەڭ كولەمدە پىكىر ئېلىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا باھالاش كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

بۇ قېتىمقى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تار ـ مار قىلىنغان كۈندىن باشلاپ 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلىك نەشرىيات ئورۇنلىرى ھەم گېزىت ـ ژورناللاردا ئوچۇق نەشر قىلىنغان ۋە يېزىلىپ چىققان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىن تۈزۈلۈپ چىققان ئىچكى ماتېرىياللار ۋە ئەسەرلەر توپلىمى بىلەنلا چەكلەندى.

باھالاپ، مۇكاپاتلاشقا قاتناشقان ئەسەرلەردىن

"سادىقلىق بىلەن خاتىرىلەش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن رەتلەش" پىرىنسىپى، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ روشەن خۇسۇسىيەتلىرى، ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىدە بەدىئىيلىك تەلەپ قىلىنغان.

قايتا ئۆزگەرتىلگەن، قايتا ئىجات قىلىنغان ئەسەرلەر باھالاپ، مۇكاپاتلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى، چۆچەك - رىۋايەتلەر 5 پارچىدىن كۆپ بولغانلىرى، قوشاق، خەلق ماقاللىرى ۋە تېپىشماقلار توپلام بولۇپ چىققانلىرى ھېسابقا ئېلىندى. مۇشۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن بۇ قېتىم باھالاپ، مۇكاپاتلاشقا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردىن 49 پارچە، قازاقچە ئەسەرلەردىن 75 پارچە، موڭغۇلچە ئەسەرلەردىن 58 پارچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسەرلىرىدىن 60 پارچە، قىرغىزچە ئەسەرلەردىن 5 پارچە، شىبەچە ئەسەرلەردىن 10 پارچە جەمئىي 257 پارچە ھەر خىل ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى. بۇلاردىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرى 66 پارچە. بۇلاردىن 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر 10، 2- دەرىجىلىك 23 پارچە، 3- دەرىجىلىك 22 پارچە، شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر 11 پارچە، مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا 13 پارچە ئەسەر نامزاتلىققا تاللاندى.

بۇ قېتىمقى باھالاپ، مۇكاپاتلاش پائالىيىتى بىزنىڭ شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تارىخىدا 1- قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە 11- قۇرۇلتىيى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرىكىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا" يۈزلىنىش قىلىنىشنىڭ يېڭى ئۇزۇن سەپىرىدە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى قۇرۇلۇشى، ئۈچۈن رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پېشقەدەم خەلق ئەدەبىياتچىلىرى ۋە كەسپىدىن سىرتقى ھەۋەسكارلىرى جاپالىق ئىزدىنىشچانلىقلار كۆرسىتىپ خېلى ياخشى نەتىجىلەر ياراتتى. مۇتلەق كۆپچىلىك يولداشلارنىڭ پوزىتسىيىسى جىددىي، ئەستايىدىل بولۇپ، رەتلەپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىكتە ياخشى، ياكى بىر قەدەر ياخشى. بۇ ئەسەرلەر خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەككە بولغان قىزغىنلىقىنى ئۇستۇرۇش، كىشىلەرنى يورۇقلۇققا تەلپۈندۈرگەن، يېڭىلىققا ئىنتىلدۈرگەن، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، راستچىل، ئاددىي - ساددا ئالىيجاناپ خىسلەتلەرگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتە ياخشى رول ئوينىيالا قالماستىن، بەلكى "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش"، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى" نى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ مىللىي ئىشەنچ غۇرۇرىنى كۆتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەر تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتلىرىدا مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لېكىن شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدىكى، بىزنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىز يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن بەزى يولداشلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس ۋە رەتلەش ئۇسۇلىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس، ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە جىددىي ئەستايىدىل ئەمەس. ئۇچۇق ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردە ھېلىمۇ بەزىبىر مەسىلىلەر مەۋجۇت، بەزى ئەسەرلەر ئەسلىدە چەتئەلنىڭ نەرسىلىرى، ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ بار. لېكىن بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ ئۆزلەشكەندىن، پەقەتلا ئىنسانىدىكى كىتاب ھالىتىدە توختاپ قالغان بولسىمۇ، يولداشلىرىمىز

شۇ مىللەتنىڭ نەرسىسى دەپ قاراپ، رەتلەپ، تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتى. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى بىلەن "رەتلىنىپ" ئۆز مىللىتىنىڭ نەرسىسى قىلىۋېتىلەدى. بىر قىسىم 50 - 60 - يىللىرى رەتلىنىپ بولغان خەلق چۆچەكلىرى بۈگۈن يەنە قايتىدىن رەتلىنىپ ئېيتىپ بەرگۈچىلىرى چىقىرىۋېتىلىپ نەشر قىلىنىدى، شۇبھىسىزكى قايتىدىن رەتلەشكە يول قويۇلىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى بىر قىسىم رەتلىگۈچىلەر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى، بەدىئى ئالاھىدىلىگىگە قارىماي، ھېكايىنى ئىجات قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەدىبلەرنىڭ زامانىۋى سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ ئىلگىرىكى قىزىق جانلىق، ئاددى - ساددا ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس پۇرىقىنى، تىلىنى، رەڭگىنى يوقىتىپ قويدى. كىشىلەر بۇنىڭغا ئەپسۇسلانماي قالمايدۇ. يەنە بىر قىسىم رەتلىگۈچىلەر تەرىپىدىن ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ قوراشتۇرۇلغان نەرسىلەردە تىۋلا ۋاقىتلاردا تارقالغان نۇرغۇنلىرى ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغاچقا كىشىلەرنىڭ بۇ ئاتالمىش خەلق چۆچەكلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. ئاز بولمىغان ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگۈچىسى، تارقالغان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلمىگەچكە بۇ ئەسەر ئىشەنچلىك بولسىمۇ تەتقىقاتچىلارغا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ خىل ئېيتىپ بەرگۈچىنى ئېنىق كۆرسەتمەسلىك خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ۋە خەلق ھاپىزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

بەزى ئەسەرلەرنى رەتلىگۈچىلەر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، مىللى تىلنى پىششىق بىلمىگەچكە، تارىخى ئېپىك داستانلارغىمۇ ھازىرقى تىلدا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ خەلق ئەدەبى - سەنئىتىنى ئىلمى ئاساستا چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس. خەلق ئەدەبىياتىغا بولغان ئىلمى تونۇشى كەمچىل. بۇ، خەلق ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنىڭ خىزمىتىمىزدىكى يەنىلا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان باھالاش، مۇكاپاتلاش خىزمىتىدە ۋاقىتنىڭ ئالدىراشلىقى، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بولىشى مۇقەررەر. باھالىنىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى ئەسەرلەر باھالانماي قالغان بولىشى مۇمكىن. باھالانغان ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ مۇۋاپىق بولمىغانلىرى كىرىپ قالغان بولىشى مۇمكىن. يولداشلارنىڭ تەنقىدى پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

يولداشلار!

سوتسىيالىستىك ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشىدا بىز خەلق ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ناھايىتى مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك. بىز «دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنى ھەركىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىدىيىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلى ئۇنۇم ھاسىل قىلىشىمىز، شۇنىڭدەك خەلق ئەدەبىيات نەزەرىيەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ، نەزەرىيە سەۋىيە ۋە كەسپى ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ئەدەبىيات ئىشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان ئەسەر ۋە ئاپتورلارنىڭ ئىسملىكى

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

**قىرغىزچە**

ماناس داستانى (5- قىسمى) (يۈسۈپماماي)

**موڭغۇلچە**

جاڭغىر (15 - بابى) (تو. بادىما)

جاڭغىر (1 -، 2 - قىسىم ماتېرىياللار توپلىمى) (جامسا، تو. بادىما)

**ئۇيغۇرچە**

سېيىت نوچى (داستان) (ئابدۇكېرىم راخمان)

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى (مەھەممەت رېھىم)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (ئەخەت ھاشىم)

**خەنزۇچە**

قەشقەر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى (ليۇ فاجۇن، جىن يا)

قازاق خەلق چۆچەكلىرى (جۇ ساي، جاڭ يۈنلۇڭ)

**قازاقچە**

قىزجىبېك (داستان) (ئاخمەتۇللا قالى، تالىپباي قاباي، ئابدۇرېشىت بايبۇلات)

قازاق ماقال- تەمسىللىرى (ئارغىن قاناپىيە، قاپىز ۋولايەن، كۈنگەي ماقاجان، نۇرازبېك)

**2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

**ئۇيغۇرچە**

سەمەندەر (چۆچەك) (ئابلىكىم باقى)

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (ئابدۇشۈكۈر تۇردى)

باللار ئويۇنى (ئابدۇراخمان ئەبەي)

قوشاقلار (ئۆمەر ھېزىم)

گوھەر تۇغقۇدىغان توخۇ (چۆچەك) (تېيىپجان ئېلىيوپ)

گۈل تاجىغا نىمە قىلدى (چۆچەك) (ئەرشىدىن تاتلىق)

**خەنزۇچە**

ھىسام چاقچاقلىرى (جاۋ شىجى)

ماماق شۆپۈق (داستان) (ليۇجياچى، ليۇ فاجۇن،

پازىل

جاساغاننىڭ دۇنيانى ياراتقانلىغى توغرىسىدا (چۆچەك) (شياۋ جۇڭپى)

سايرام ھەققىدە رىۋايەت (داستان) (چاڭشىجى)

**قازاقچە**

قازاق قىسسىلىرى (نېغمەت مىڭجان، بايدۆلەت، سابىغازى، قازىبېك)

ئارقالىق باتۇر (داستان)، (نۇرازانباي ئىنگەبايۇۋ)

ئەسەت بىلەن بىرىسجاننىڭ ئېيتىشىشى (غالىم قاناپىيە)

قازاق خەلق چۆچەكلىرى (نايمان غازى، زەينۇللا سانىك)

ئارغانانى قاتارلىق چۆچەكلەر (ئابلىز شارپ)

قويچى باتۇر قاتارلىق چۆچەكلەر (رەخمەتۇللا ئەپشە)

**موڭغۇلچە**

نارىنجان كوبۇن (داستان)، (دورىبا. تو.بادىما)

زون ئالىدىرغان (داستان)، (ئا. تەبە)

ئالتۇن سانجى (چۆچەك)، (س. مانجىن)

بالىلار تىلى (بات بايىر)

باتا ۋە مەدەمىيە (خا. خاسىكبا. تو. بادىما)

**شىۋەچە**

تاما ـ تاما كول بولار (چۆچەك)، (سۇ فولىن)

**3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

**ئۇيغۇرچە**

ھىسام چاقچاقلىرى (مەخمۇت مۇھەممەت)

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (تۇرسۇن زىرىدىن)

مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرى (ئەبەيدۇللا مۇھەممەت)

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (بالىلار ئۈچۈن)، (ھاجى ئەخمەت)

موللا زەيدىن لەتىپىلىرى (مەخمۇت زەيدى)

**خەنزۇچە**

تاھىر ـ زوھرە (داستان) (جىن يا)

نەقىشلىك پىيالە (چۆچەك) (گوشۇمىي)

ئىسكەندەر پادىشا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى (چۆچەك) (جاڭ شىرۇڭ، ئوسمانجان)

كىچىك بالىنىڭ جىنايەتچى ئەمەلدارنى يېڭىشى (چۆچەك) (ۋاڭ چىڭ)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (سۇيۇ)

**قازاقچە**

تاھىر بىلەن زوھرا (داستان) (قابىدەن بىلىقچى)

ئازادى بەخت قاتارلىق چۆچەكلەر (ئايتعازى نەبى)

بوگەنباي باتۇر (داستان) (قالىدۇللا نۇرتازا)

قابانباي باتۇر (داستان) (توقتارقان)

قۇلا مەرگەن (داستان) (چېرىزات ئىسقاق)

ئەقلىيە سوزلەر بىلەن چۆچەكلەر (مۇسلىمبېك

**موڭغۇلچە**

خاسىنخان ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى (چۆچەك) (با. بايىنكىشىك)

ساۋاتسىز ۋەزىر (چۆچەك) (جالىرا)

تېپىشماقلار (بولغا)

**قىرغىزچە**

قىرغىز خەلق چۆچەكلىرى (ئالتۇن قوزۇق)

**شىۋەچە**

تۇتى قۇش (چۆچەك) (سانجى)

ئىسمىت سىگلىم (داستان) (خېيرشىگچەن)

**شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (1 ـ، 2 ـ توپلام) (ئابلىمىت سادىق)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3 ـ توپلام) (غوجەخمەت يۇنۇس، تۇرسۇن لىتىپ، مىجىت ئوسمان، تۇرسۇن زىرىدىن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4 ـ توپلام) (سىيىت زۇنۇن، ئابدۇراخمان مومىن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (2 ـ توپلام) (مەھەممەت سىدىق تومۇر، مۇتەللىپ پالتاجى، ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇن زىرىدىن)

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (گې باۋچۈەن)

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (جاۋشىجې)

شىنجاڭ قېرىنداش مىللەت چۆچەكلىرى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

بالىلار چۆچەكلىرى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

قازاق خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى (ئابدۇرېشىت بايبولات، ئورازانباي، تالىپباي قاباي)

شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ كونا ناخشا تېكىستلىرى (چى. ئەرىنسە)

ماناس (ماتىرىياللار توپلىمى) (يۈسۈپ مامام، ساكەن ئۆمەر، ھوسۇيۇن ھاجى، مىرزەن ئەلى، تۇرغان، توقتۇسۇن، پازىل ئابدۇقادىر توقتاروپ، ساتىۋالدى، ماھبەت قازى ئىمىنالى)

# ئەمىر گور ئوغلى

( بېشى ئۆتكەن ساندا )

ئاڭلىماستىن سۆزلىرىنى،
ئويۇپ ئېلىڭ كۆزلىرىنى.
ئۆلتۈرىدۇ ئويۇمدە،
مەھكەم باغلاڭ قوللىرىنى.

داتلىسا بەرمەڭ ئامان،
سېلىڭلار بېشىغا ھامان.
قاراپ تۇرماڭ يارانلار،
بولماقتا ئاخىر زامان.

ئايىغىن كەس تىزىدىن،
ئوت چىقارغىن يۈزىدىن،
قاچۇرماستىن باغلاڭلار،
مەن قورقىمەن كۆزىدىن.

بەگ ھاۋاز بۇ نەزمىنى ئوقۇپ، ھويلىدىن دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى. گور ئوغلى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ، ھاۋازخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ باردى. ئۇنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كېلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەي قوزام بەگ ھاۋاز، نېمە بولدۇڭ؟ ئازاپ بولدۇڭمۇ؟ ئەگەر ئالجىغان بولساڭ بېشىڭنى تۇتۇپ ساقايتىپ قوياي! — دېدى.

يىغلاۋاتقان بەگ ھاۋاز كۈلدى، گور ئوغلى ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم بەگ ھاۋازخان، مەن يىراق يوللارنى بېسىپ جاپا تارتىپ "سېنى كورىمەن" دەپ بۇ يەرگە كەلسەم، سەن مېنى "گور ئوغلى!" دەپ دۈشمەنلىرىمگە تۇتۇپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ مەن كىم؟ گور ئوغلى كىم؟ بىلمىسەڭ بىلىپ قوي، گور ئوغلى دېگەن شۇنداق سۈرلۈك ئادەمكى: ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا 12 دىن 24 كىشى ئولتۇرىدۇ. قولاقلىرى قالقاندەك، كۆزلىرى قاسقاندەك، بېشى يوغان بۇتتەك، قوللىرى چىنارنىڭ شېخىدەك، بۇرنى مورىدەك، ئاغزى دۇڭنىڭ گورىدەك، يۈزى داپتەك، بۇرۇتى شاپتەك، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كونا قاپتەك، ھەيۋەتلىك بىر مەخلۇق! — دېدى.

بەگ ھاۋازخان گور ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كۈلدى. گور ئوغلى سۆزىنى باشلاپ:

— مەن بايىقى سۆزلەرنى، سەن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ خوش بولۇپ كېتىپ، ئۆزەمنى گور ئوغلىغا ئوخشىتىپ ئېيتقان. مەن سېنى "خۇددى گور ئوغلىنىڭ تۇلپار ئېتىغا ئوخشاش ئاتقا مىندۈرسەم" دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى. شۇنى ئېيتسام سەن بۇ مىسالغا ئېلىپ ئېيتقان سۆزۈمنى باشقىچە چۈشەندىڭ. گور ئوغلى بىزگە يات. ئەگەر ئۇنى قولغا چۈشۈرسەم گوشىنى قىيما-

قىيما قىلىش ئويۇم بار، ــ دېدى.

بەگ ھاۋاز بۇ سوزلەرگە ئىشەندى. ناماز شام بولدى. كېرەم قاساپ، قويلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ كېلىپ، ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى گور ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. گور ئوغلى پۇلنى 3 كە بولدى، بىر بولۇگىنى كېرەم قاساپقا "بازارلىق" دەپ بەردى، بىر ھەسسىسىنى گۇل ئايىمغا بەردى، قالغان ئۈچىنچى بولۇگىنى ئوزى ئالدى.

ــ سىلەر بۇ پۇلدىن بەگ ھاۋازغا بەرمىدى، دەپ كوڭلۇڭلارغا ئالماڭلار، مەن ئۇنىڭغا 400 قارا قوزا ئايرىپ قويغان، ئۇ قوزىلار سېمىزلىگىدىن قۇيرىغىنى كوتۈرۈپ ماڭالمىدى. مەن ئۇنى بىر چوپانىغا تاپشۇرۇپ كەلدىم. خۇدا نېسىپ قىلسا ئەتە ئەتىگەندە مەن بەگ ھاۋازنى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا قوزىلارنى كورسىتىمەن. ئۇ مەن بىلەن بىللە بېرىپ قوزىلارنى ئوز كوزى بىلەن كورۈپ قايتىپ كەلسۇن! ــ دېدى گور ئوغلى. كېرەم قاساپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ خوپ! ــ دېدى.

ئۇلار زىياپەت بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى. تاڭ يورۇشى بىلەن كېرەم قاساپ سەمەن يورغىسىغا مىندى. بەگ ھاۋازنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈردى، قوزا كورۈپ كېلىشكە راۋان بولدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گور ئوغلى سۇلتان، گۇل ئايىمغا قاراپ:

ــ ئەي سىگلىم! كورۇشەك، كورۇشمەك ئامان بولغىن! ــ دەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

غېرىپ سىڭلىم بۇگۈن قايتاي خوش ئەمدى،
قازا جايغا يولغا چىقتىم خوش ئەمدى.
بىر كورگىلى كېلىۋىدىم يىراقتىن،
يەنە قايتىپ كەلگىنىمچە خوش ئەمدى.

گۇل ئايىم:

ئوتىڭدا كاۋاپ قىلدى بىر خۇدا.
مەن قىلۇرمەن ئاھ ۋاھ. خۇداغا.
سىڭلىگىنى مېھرىڭگە قاندۇرماي كەتتىڭ.
3 ـ 4 كۈن تۇرساڭ بولمامدۇ ئاكا؟

گور ئوغلى:

مېھرىڭگە مېنىڭمۇ باغرىم تويمىدى.
تەرىگىلىك تۇرارغا مېنى قويمىدى.
ئامان بول سىڭلىم يەنە كورگىچە.
بۇ يەردىن كەتمىسەم زادى بولمىدى.

گۇل ئايىم:

يىراق چۆشتى بۈگۈن غېرىپ سىڭلىڭغا،
پەلەك زەربە ئۇردى مېنىڭ قەلبىمگە.
قايتىپ بارساڭ ئوز ئېلىڭگە قەمبەربايى،
"سالام" دېگىن ئەۋۋەل ئاتا ـ ئانامغا.

گور ئوغلى:

سوزنى ـ سوزگە يۇرۇشتۇرسە ئېيىپ بولۇر،
گەپ قوغلىساڭ گەپ تۇغۇلۇر كوپ بولۇر.
سالامىڭمۇ ساقلاپ بارسام ئېيتىلۇر،
جان دىلىڭدىن "ھە ـ ئە" دېسەڭ خوپ بولۇر.

گۇل ئايىم:

موللىلار ئالۇرلەر دۇۋەت قەلەمنى،
يۈرىگىمگە سالدى ئىگەم ئەلەمنى.
سوز بولسىمۇ سەندىن ئېيتاي قەمبەربايى،
يۇرت ئىگىسى گور ئوغلىغا سالامنى.

گور ئوغلى:

ئارا چولدە ئاتقا قامچا ئۇرغاندۇر،
تەقدىردە نىمە بولسا شۇنى كورگەندۇر.
گور ئوغلىغا دۇئايى سالام ئېيتىسەن،
گور ئوغلىمۇ نەق شۇ يەردە تۇرغاندۇر.

گۆل ئايىم:

ئەي قەمبەر باي، جان سادىغا خەلقىمگە،
غەم چۈشسۇن ئىگەم ئاسراپ دىلىڭغا.
بار قەمبەر باي سېنى ھەققە تاپشۇردۇم،
بىر ـ بىر سالام دىگىن ئەھلى خەلقىمگە.

گور ئوغلى:

بىر نەچچىلەر تاپالمايدۇ ئىزىمنى،
خۇدا گۇۋا ئاڭلا مېنىڭ سوزۇمنى.
سەندىن بۆگۈن بىر نەرسىنى سورايمەن،
ماڭا بەرگىن بەگ ھاۋازخان قوزاڭنى.

گۆل ئايىم:

سەن ئۈزمىگىن تازا باغدىن گۈلۈمنى،
ئەرزىگەيمۇ مەن باغلىسام بېلىمنى.
بىزنىڭ ئەلدىن بولسا ئېيتار گۆل ئايىم،
ھاۋازخان ئوغلۇم كورەر چەمبىلنى.

گور ئوغلى:

ئوبىلسام بۇ دۇنيا پانىدۇر پانى،
ئىلگىرى تۇغۇلغان ئادەملەر قېنى.
مەن راستىن ئېيتىپ كېتەي گۆل ئايىم،
سورىساڭ ئەسلىمنى چەمبىل سۇلتانى.

گۆل ئايىم:

قانداق كورسۇن ھاۋاز بالام ئېلىڭنى.
سوز سوزلەيسەن ھېچ تارتماستىن تىلىڭنى.
تىلىڭنى تارت بىلىپ سوزلە قەمبەر باي،
بولمىسا باغلىتۇرمەن ئىككى قولۇڭنى.

گور ئوغلى:

باھاردا گۈل ئېچىلىپ باققا لىق تولۇر،
بۇندىن كېيىن كوزدە ياشىڭ كول بولۇر.
بىلمەيمەن ئەۋەلقىدەك سوزۈڭنى،
كورگۈنۈم يوق بۇرۇنقىدەك يۈزۈڭنى.

گۆل ئايىم:

كورۇشتۇم قايتىمەن ئەمدى دىسەڭچۇ؟
ھەر نىمە بولسا ئېيتىپ كەتسەڭچۇ!
چەمبىلنىڭ سۇلتانى، خانى دىگىچە
ئايرىلدىڭ ھاۋازدىن ئەمدى دىسەڭچۇ؟!

دەپ، بۇ كىشىنىڭ گور ئوغلى ئىكەنلىگىنى بىلىپ دەرۋازىدىن يىغلاپ چىقتى. كېرەم قاساپنىڭ ئارقىسىدىن يوگۇرۇپ كېتىپ بېرىپ بۇ غەزەلنى ئوقىدى:

تەككەندۇر ساڭا دالىلاردا مال،
سوزۇمنى ئاڭلا ئاڭا قولاق سال.
قوزامنى ئارقاڭغا مىندۇرۇپ ماڭدىڭ،
ساڭا يول بولسۇن يۈرگىن بوۋا چال.

يۈرىگىمگە سالدىڭ داغۇ ـ ئەلەمنى،
كوڭلۈمگە سالدىڭ ھىجرانۇ غەمنى.
ئارقاڭغا مىندۇرۇپ كېتىپ بارسەن،
نەگە ئېلىپ بارسەن ھاۋاز بالامنى.

ماڭغان يولۇڭ ھامان ساڭا يول بولسۇن،
دۈشمەنلىرىڭ كېلىپ ساڭا ئەل بولسۇن.
ئولمىگەن كورىدۇ قىش بىلەن يازنى،
ئايرىغاندۇر ئاغا ـ ئىنىمدىن خۇدايىم بىزنى.

كېتەر بولساڭ ئۆزەڭ كەتكىن دالاغا،
قويۇپ كەتكىن بۇندا ھاۋاز بالامنى.
يۈرىگىمگە قويماي غەم بىلەن داغنى،
قولۇڭ ئەيتۇر ئارماندا قويما ئۇكاڭنى.

قوزى بار، دەپ بارارسەن قەمبەر بوۋاي،
قەمبەر بوۋاي دەپ ئاخىر بولدۇڭ كورئوغلى.
مېنى ئالداپ ئېلىپ ماڭدىڭ بالامنى،
خورلىغىن مېنىڭ بەرتال ئوغلۇمنى.

گۈل ئايىم دەر ئاڭلا ئېيتقان سوزۇمنى،
سارغايتتى قارا پەلەك مېنىڭ يۈزۈمنى.
قوزى دەپ ئايرىلدىم هاۋاز قوزۇمدىن،
تالاغا چىقارما هاۋاز قوزۇمنى.

گۈل ئايىم يۈزىنى تاتىلاپ دادى ـ پەريات قىلدى. ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى بىلىپ كور ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى.

ــ ئەي چىراغىم، بېلىقىنىڭ تىرىكلىكى سۇ بىلەن، مېنىڭ تىرىكلىكىم بەگ هاۋاز بىلەن ئىدى. ئۇنى ئەۋۋەل خۇداغا، ئاندىن قالسا ساڭا تاپشۇردۇم، ــ دەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

سوزنى سىزگە كويگىنىمدىن يوشۇردۇم،
ئۇلۇغلاپ ئايىغىڭغا باش ئۇردۇم.
ئاۋايلاپ ئوستۇرگەن يالغۇز شۇڭقارنى
پەلىمەستىن ئۇگىسىدىن ئۇچۇردۇم.

مەن داۋا تاپالمىدىم ئۇشبۇ يارىغا،
سېنىڭ ئېيتقان سوزۇڭگە بولاي سادىغا.
ئەركى ئوسكەن ئىدى بەگ هاۋاز بالام،
غەزەپ بىلەن ئاي يۈزىگە قارىما!

كورۇپ بىلىپ ئىچكەن ئىدىڭ توزۇمنى،
ساڭا ئېيتاي ئەمدى پىنهان سوزۇمنى.
ئاچچىغلىنىپ ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتما،
هىلە بىلەن ئېلىپ چىقتىڭ قوزۇمنى.

غېرىپ قىلىپ يۈرەك باغرىن داغلىما،
گورۇجىستان يولىنى ئاڭا باغلىما.
هاۋاز خاننى ئەمدى ساڭا تاپشۇردۇم،
خاپا قىلىپ يالغۇزۇمنى يىغلاتما!

هەر بىر سوزنى ئويلاپ ـ ئويلاپ قىلىمەن،
ئامان ـ ئېسەن كەتمىگىنىنى هەقتىن تىلەيمەن،
بىر ئەر ئوزۇڭ ساق ـ سالامەت ئەلگە بار،
قەست قىلغاننى ئولتۇرۇشكە يارايمەن.

مەن قالىمەن كەتكىن بۈندىن سالامەت،
ئەر بولساڭ ئەسلەرسەن بىزنى داۋامەت.
خوش بولغىن تا كورگۈنچە گور ئوغلى،
بەگ هاۋازنى ساڭا بەردىم ئامانەت.

ساق ـ سالامەت ئەمدى بۈندىن ئەلگەبار،
هاۋاز ئۈچۈن مەن دائىما ئىنتىزار.
ئېلىپ كەتتىڭ يۈرىگىمنى گور ئوغلى،
قان يىغلايمەن هىجراندىمەن زارىزار.

گۈل ئايىم بۇ نەزمىنى ئوقۇپ زار ـ زار يىغلاپ ئامالسىز تىلەپ قالدى. گور ئوغلى يولۋاستەك پىقىراپ شەهەردىن چىقتى. كېرەم قاساپ بىلەن بەگ هاۋازنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ باردى. ئۇلارغا:

ــ ئەنە قوزا، مانا قوزا، ــ دەپ تاغدىكى كوپ قوزىلارنى كورسىتىپ ئۇلارنى باشلاپ كېتىۋەردى. 400 دىگەن قوزا 700 بولدى، باياۋان قوزىغا تولدى، بەگ هاۋازنىڭ يۈرىگىگە ۋەهىمە چۈشتى، ئۇ كېرەم قاساپقا:

ــ بۇ ئىش هىلە ئوخشايدۇ. ــ دىدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئولمىسۇن، دوستلار ئولمىسۇن،
دۈشمىنىمنىڭ زادى كۈلمىسۇن.
ئاتا بولدى قىل بۇ ئىشنى،
بۇ شۇملۇقنىڭ بېشى بولمىسۇن،

بىر چۈش كوردۇم بۈگۈن يامان،
هەقتائالا قىلىبۇن ئامان.
بۇ قوزىغا كوپ قىزىقما،
ئېلىپ كېتىش بولدي گۇمان.

400 ئەمدى 700 بولدى،
باياۋان قوزىغا تولدى.
ئاتا بىردەم تۇرۇپ ئويلان،
پۈتۈن ئەتراپ قوزا بولدى.

ئايغىڭدىن ئايرىلمىغىن،
قانىتىڭدىن قايرىلمىغىن.
بۇ قوزىغا كۆپ قىزىقىپ،
ھاۋازىڭدىن ئايرىلمىغىن.

بىر نەچچىنىڭ باغرى داغلى،
كۆرەرسەن ھىجران نەچاغلى.
قوزى دەپ ئالداپ ئېلىپ كەلگەن،
بوپقالمىسۇن بۇ گور ئوغلى.

كۆپ قورقىمەن كوزلىرىدىن،
مېگىنۇرمە ئىزلىرىدىن.
كېچە يامان قورققان ئىدىم،
ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىدىن.

بۇندا قوزا تولا ئىكەن.
ئۇنى چارلاپ يۈرەر ئىكەن.
بېرىپ ئەمدى قەمبەرۋايغا،
شۇ قوزىلار بولار دېگەن.

مەنمۇ قايتاي سېنىڭ بىلە،
ئاتا مەندىن سەنمۇ كۈلمە.
سىناش ئۈچۈن قەمبەرۋايدىن،
بېرىپ ھازىر جاۋاپ تىلە.

ھاۋازخان دەر:
ـ قوزى قورسۇن،
كېچىككى گەپ ئەبىتە تۇرسۇن.
يېتىپ كەلسە قېچىپ بېقىمىڭ
قەمبەرۋايىنىڭ يۈزى قورسۇن.

كېرەم قاسساپ ھاۋاز خاندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ:

ــ راست دېدىڭىز. ــ دەپ ھەيران بولدى، گور ئوغلىغا قاراپ:

ــ ھەي قەمبەرۋاي، ئەردى بىزگە جاۋاپ بەرگىن. بىز ئىككىمىز شۇ قوزىلارنى ھەيدەپ قايتىپ كېتەيلى! ــ دېدى. گور ئوغلى سۇلتان كېرەم قاسساپقا:

ــ سەن نېمە دەۋاتىسەن؟! ــ دەپ بىر ئالىيىپ قارىدى. گور ئوغلىنىڭ كوزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئوتۇپ كەتكەندەك بولدى، بۇ كوزنى كورگەن ئادەم ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. كېرەم قاسساپ بۇ كىشىنىڭ گور ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ "بىزگە ھىلە ئىشلىتىپ بۇ يەرگە ئالداپ ئېلىپ كەپتۇ" دەپ ئويلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ يانماقچى بولدى.

گور ئوغلى سۇلتان كېرەم قاسساپقا قاراپ:

ــ سەن خۇنخار شاھقا نېمە ئىشنى كورگەن بولساڭ شۇنى دېگىن! مەن بۇ يەردە تۇردىمەن! ــ دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۈچ كۈنگىچە ئىزلىمەك لاچىندىن تاپ،
سەن كەلمەي بىز قەدەم قويمايمىز تەۋرەپ.
ھاۋاز بىلەن ھەر ئىككىمىز شۇندا تۇرىمىز،
شاھىڭغا "سالام" دە ئەي كېرەم قاسساپ.

مەنمۇ ئىشرەت تولپارىمنى چاپايمەن،
رۇستەمدەك ئۇرۇشنى بۇندا قىلايمەن.
شاھىڭغا "سالام" دە ئەتىراق بېرىپ،
سىزلەر كەلگىچە بىراق كەتمەيمەن.

ئۈمىدىم كۆپ تاڭلا ھەق قىلغاي شاپائەت،
"بەندەم" دەپ يوقلىغاي ھەسرەتلىك سائەت.
بۇ يەردە ياتىمەن سىلەر كەلگىچە،
قىلماستىن كەتمەيمەن بۇندا قىيامەت.

ئۇرۇش بولسا شىردىن جاندىن كەچمەيمەن،
سىز ئورنىغا قىزىل قاننى ئىچمەيمەن،
بۇ يەردىن كەتمەيمەن سىلەر كەلگىچە،
دۈشمەنلەرگە نەيزىلەرنى سانچمايمەن.

ئېسىپ بولسا زورلىغىمنى بىلدۈرەي،
دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەك - باغرىن تىلدۈراي.
بۇ يەردىن كەتسەڭ كەلگىن ئەي كېرەم،
قىزىل قاننى ئۆزەڭگىمدە ئاقتۇراي.

ئىگەم قويمىسۇن بىزنى دەرماندا،
خۇدايىم قىلمىسۇن بىزنى شەرمەندە.
شاھىڭغا "سالام" دە ئەي كېرەم قاساپ،
دىمىسۇن يولۇقماي قالدىم ئارماندا.

گور ئوغلىدىن ئاڭلا ئۈشبۇ كالامنى،
شاھىڭغا ئېيت بېرىپ مەندىن سالامنى،
سىزلەر كەلگىچە بۇندىن كەتمەيمەن،
تىكتىم مەن بۇ جەڭگە ئوتكۈر كاللامنى.

گور ئوغلى بۇ سوزلەرنى دەپ كېرەم قاساپنى يولغا سالدى. بەگ ھاۋازنىڭ قولىدىن يېتىلەپ تۇلپارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. گور ئوغلى ئۆزىنىڭ ياراقلىرىنى ئاستى. بەگ ھاۋازغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

يۈرىگىمدە كوپتى ئەلەم،
خۇشۋاق بولدۇم كەتتى ئۇ غەم.
بىر سوز ئېيتاي ئاڭلا بۇنى،
تەرىپىڭنى ئاڭلاپ بالام،
كەلدىم مانا مىن تۇلپارغا.

بەگ ھاۋاز:

مۇساپىرمەن بۇندا ئۆزۈم،
ئاتا ئاڭلا ئېيتاي سوزۈم.
مەن ساڭا شۇنى ئېيتاي،
ھەر تەرەپتە ئىككى كوزۈم،
گور ئوغلى مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

مەيداندا ئات چالدۇرمىغىن،
پەيمانىڭنى تولدۇرمىغىن.
مېنىڭ سوزۈمنى قايتۇرۇپ،
ئاچچىغىمنى كەلتۈرمىگىن،
بەڭۋاش ھاۋاز مەن تۇلپارغا.

بەگ ھاۋاز:

باتۇرلارنىڭ ئۇستازىمەن،
شۇڭقار ئېلىنىڭ بازىمەن.
ئەرمۇ ياكى خاتۇنمۇ سەن؟
ئولتۇرسەڭ ئولتۇر رازىمەن،
گور ئوغلى مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

ئارقىمىزدىن لەشكەر كېلۇر،
توت تەرەپتىن قورشاپ ئالۇر،
ھەر قايسىسى نەيزە ئېلىپ،
بېشىمىزغا غەۋغا سالۇر،
كەلگىن بالام مىن تۇلپارغا.

بەگ ھاۋاز:

ئارقىمىزدىن ياتلار كەلمەي،
كەلسە تاغلار قانغا تولماي،
كەلگەن ئاشۇ قىزىلباشقا،
شىردەك بولۇپ قىلىچ سالماي،
گور ئوغلى مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

قوشۇن كېلۇر بايراق ـ بايراق،
دەشت ـ باياۋان تولار شۇنداق.
كوپ دۈشمەننى يالغۇز ئۆزەم،
سورۇيمەنغۇ قىلىپ تۇپراق.
بەگ هاۋازخان مىن تۇلپارغا.

بەگ هاۋاز:

سوز قىلىسەن مېنى بىلمەي،
قىيامەتنىڭ كۈنى بولماي،
نەدەپ ماڭا سوز ئاچىسەن؟
رۇستەم سۇپەت سوقۇش قىلماي،
گور ئوغلى مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

تۇلپارىمنى قايرىمايمەن،
سوزۇڭگە كوپ قارىمايمەن.
قېرىپتىمەن ياشلىق كېتىپ،
ئۇرۇشنى مەن خالىمايمەن،
مىنگىن بالام كەل تۇلپارغا.

بەگ هاۋاز:

باتۇر بولۇپ ئۇرۇش قىلماي،
يولۋاسلاردەك يۈرۈش قىلماي،
ئۆزەڭگىدە قانلار كەچمەي،
قايتار بولساڭ ئۇرۇش قىلماي،
مىنمەيمەن گور ئوغلى ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

30 ياشلىق ۋاقتىم كېتىپ،
ئوتتۇرا ياشلىق كەلدى يېتىپ.
بۇ شەھەرنىڭ لەشكىرىگە،
تۇرالمايمەن تاقەت ئېتىپ،
كەلگىن بالام مىن تۇلپارغا.

بەگ هاۋاز:

مەيدان ئىچرە كىرگەن ياخشى،
دۈشمەننى خوپ قىرغان ياخشى.
ياۋنى كورمەي قېچىش نومۇس،
ئۇرۇش قىلىپ ئولگەن ياخشى،
مىنمەيمەن گور ئوغلى ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

بۇ قەۋلىڭدىن يانغان ياخشى،
بەندە تاغدىن ئوتكەن ياخشى.
ياۋنى ئەگەر يېڭەلمىسەڭ،
ئۇرۇشماستىن كەتكەن ياخشى،
كەلگىن بالام مىن تۇلپارغا.

بەگ هاۋاز:

ئەجەل يەتسە ئولگەن ياخشى،
تەقدىرىنى كورگەن ياخشى.
ياۋدىن قېچىپ كۈن كورگىچە،
قارا يەرگە كىرگەن ياخشى،
مىنمەيمەن گور ئوغلى ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

ئەر يىگىتلەر ئۇرۇش قىلۇر،
دۈشمەن كورسە يۈرۈش قىلۇر،
40 مىڭ لەشكەر بېسىپ كەلسە،
يالغۇز قانداق ئۇرۇش قىلۇر؟
كەلگىن بالام مىن تۇلپارغا.

بەگ ھاۋاز:

ھاۋازخان دەر ئۇرۇش قىلماي،
دۈشمەنلەرگە قىلىچ سالماي،
خۇدا بەرسە بۇ دۈشمەندىن،
قىرىپ يۈرۈپ ئۇچۇم ئالماي،
مىنمەيمەن گور ئوغلى ئېتىڭغا.

گور ئوغلى:

گور ئوغلىنىڭ سوزىنى ئاڭلا!
ھەممەت بىلەن كەلدىم تەنها.
ئوغۇل بولساڭ شۇنداق بول،
ھەممىتىڭگە بارىكاللا،
كەلگىن بالام مىنگىن ئاتقا.

گور ئوغلى بەگ ھاۋازنىڭ بۇلبۇلدەك تىللىرىدىن، شىكەردەك سوزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ "خۇدايا شۈكرى!" دەپ ئولتۇردى.

كىرەم قاساپ بالىسىدىن ئايرىلىپ، قازىنىدىن قايرىلىپ، ئېتىغا قامچا سالدى، تىنماي يۈرۈپ گوروجەستان شەھرىگە يېتىپ كەلدى. خۇنخار شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا بولۇپ ئوتكەن ھەممە ۋەقەنى بايان قىلدى.

خۇنخار شاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاندى. دەرھال كاناي ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چالدۇردى. 20 ـ 40 ياشلار ئارىسىدىكى دەرۋازنىڭ قانىتىدەك قىلىچ ئاسقان پالۋانلىرىدىن 40 مىڭنى جەڭگە تەييارلىدى. ئوزى باش بولۇپ گور ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ناماز پىشىن بىلەن گور ئوغلى تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى.

گور ئوغلى بەگ ھاۋازخاننى تاقتا چىقىرىپ قويۇپ، تۇلپارىنى چىقىرىتىپ، يەر ـ زىمىننى گۆكىرىتىپ، قىلىچ ـ نەيزىسىنى پاقىرىتىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر ئوزى يالغۇز ئات قويدى.

بىسمىللا دەپ پىرلىرىنى يادىغا ئالدى، ئۇلاردىن مەدەت تىلىدى، دۈشمەنلىرىنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئوچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئارام ئالماي، يېمەي، ئىچمەي جەڭ قىلدى، دۈشمەنلىرىنىڭ ھالىنى تەڭ قىلدى. ئوزىنىڭمۇ لەۋلىرى قۇرىدى، تەگرىسىگە سېغىندى. يەر ـ ئاسمان ئارىسىنى تۇمان قاپلىدى. شۇ چاغدا ئۇ، بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئىگەمىزدۇر قادىر مەۋلان،
يۈرىگىمدە كوپتۇر ئارمان.
شىردەك بولۇپ گور ئوغلى،
ئات قويدى مەيدان ئىچرە.

دۈشمىنىنى دىرىلدىتىپ،
نەيزىسىنى پىلدىرلىتىپ،
تۇلپارىنى غىرىلدىتىپ،
ئات چاپتى مەيدان ئىچرە.

تەقدىردىن بولغان ئىشلار،
ئوق ۋە سولنى كوزلەشلەر،
تىللادىن سوققان قىلىچلەر،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇش قىلىپ چېچىپ ئوت،
دۈشمەننى قىلىپ نابۇت،
زەر قۇببا ئالتۇن ساۋۇت،
چېچىلدى مەيدان ئىچرە.

تاماشانى كوردى پالۋان،
دۈشمەن بولدى تالقان ـ تالقان،
ئالتۇن قۇببا كۈمۈش قالقان،
يېيىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇنتۇلدى ئاش بىلەن نان،
ئۇرۇش قىلدى گور ئوغلى خان،
جەڭ ئىچىدە شىرىن جان،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

يار بېشىغا قۇردى چېدىر،
يېيىلىشتى سەپكە باتۇر،
ئۇرۇش قىلىپ، تاقۇر - تۇقۇر،
ئېتىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇشتا پالۋان، بايراقلار،
ئاستىدا ئاتلار ئويناقلار،
تىللا كەمەر بويتاقلار،
شىر بولدى مەيدان ئىچرە.

بارچە دۈشمەن بىردەك بولۇپ،
گور ئوغلىغا شىردەك بولۇپ،
بەزلىرى پىلدەك بولۇپ،
خوپ ئېلىشتى مەيدان ئىچرە.

بۇ ئۇرۇشتىن ئەقلى شېشىپ.
ئاتا - بالىدىن ئادىشىپ،
مىنگەن ئېتى قىقىلدىشىپ،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

لەشكەر چۈشتى ھەر قاياندىن،
ئەزىمەتلەر كەچتى جاندىن،
11 ى ياندىن، 5 ى بىر ياندىن،
ئېتىلدى مەيدان ئىچرە.

گويا بولدى ئاخىر زامان،
دۈشمەنگە بەرمىدى ئامان،
تاغنى باستى قۈيۇق تۇمان،
ئات قويدى مەيدان ئىچرە.

بەگلەر ئىستەر پانا جاي،
دەرلەر: "خۇدا ئاسىرىغاي"

ئالتۇن كاناي، كۈمۈش سۇناي،
يېرىلدى مەيدان ئىچرە.

دۈشمەنلەر قىلدى ھەملىلەر،
ساۋۇت كەيگەن بەزلەر،
قىزىل يۈپۈك نەيزىلەر،
چېچىلدى مەيدان ئىچرە.

ئازغاشتى ئېقىلدىن كوپلەر،
پەرۋا قىلماي ئەقلى كوپلەر،
ئەژدىھاردەك كاتتا بەگلەر،
قىچقىرار مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇش قىلدى ئەلۋان - ئەلۋان،
سېغىنغىنى قادىر مەۋلان،
شۇ سۈپەتتە گور ئوغلى خان،
قان كەچتى مەيدان ئىچرە.

گور ئوغلى خان شۇ تەخلىتتە تەنھا ئۇرۇشتى. دۈشمەنلەرنى ئۇيان - بۇيان سۈرۈشتى. قاتتىق جەڭ قىلدى. گور ئوغلى ئاتلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئات قوياتتى. ئۇ، ھېرىپ ئۈسسىدى، چارچىدى. كېتىپ بېرىپ ئاتا - بوۋىلارنى ۋە ئوتكەنلەرنىڭ روھىنى ئەسلەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئاتىمىز ئادىمى سېپى،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.
بۈگۈن يىغلار غېرىپ بۇ تەن،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

يىغلايمەن ئەينى ناماز شام،
كوڭلۇم تاپماس ھىچ ئارام.
كۈچ - قۇۋۋىتىم بولدى تامام،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

كوككە يەتتى زارلىرىم،
يۈزۈمدىن كەتتى ئارلىرىم.
قول ئۈزدۈڭمۇ ئەي پىرلىرىم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گور ئوغلى دەر ئاڭلا سوزۈم،
تەلمۈردى سىلەرگە كوزۈم.
قانداق قىلاي يالغۇز ئوزۈم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گور ئوغلى بۇ سوزلەرنى ئېيتىپ تۈگەتكەندە، كوزىگە جەڭ مەيدانى ئىچىدە ئاق تون كەيگەن، بېشىغا ئاق دەستار ئورىغان قىزىل يۈزلۈك، ئاق ساقاللىق بىر مۇنچە ئادەملەر كورۈندى. ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلاتتى. ئۇلار خۇنخار شاھنىڭ لەشكىرىگە ھەر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا: "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ قىچقىراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى كېلىپ:

— ئەي گور ئوغلى، ئالدىرىما، تاماشا كور! — دىدى.

يېزىدىلەر بۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، قېچىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

گور ئوغلى سۇلتان بۇ ئىشتىن زوقلۇنۇپ خوش بولدى. ئۇ ئالتۇن ئىگەرلىك، زەر ياقىلىق تونلارنى تاماشا قىلدى. گور ئوغلى سۇلتان كەيپى چاغ ھالدا بەگ ھاۋازخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئالتۇن ئىگەرلىك ئولجا ئاتتىن بىرنى تەغدىم قىلدى. قالغان ئولجا ئاتلارنى ئالدىغا سالدى. 100 ئاتقا ئولجا ئالتۇنلارنى ئارتىپ، تاغ بېشىغا چىقتى. بەگ ھاۋازخان ئارقىسىغا قاراپ يىغلىدى، يۇرتداشلىرى بىلەن غايىبانە سوزلۈشۈپ خوشلۇشۇپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئالدىمدا كورۈنەر بەد بەختىلىك يولى،
قانچە كۈنلۈك يول ئىكەن بىلمەيمەن چولى.
ئامان بولغىن قايتا سېنى كورگىچە،
ئويناپ ئوسكەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ئېلى.

ئەرلىك سالدى بۇ بېشىمغا ھىجرىنى،
كىم كورۈپتۇ ئەژدىھارنىڭ زەھرىنى.
ئامان بولغىن گورۇجىستاننىڭ شەھرى،
قانداق ئۇنتۇي ئانا يۇرتىنىڭ مېھرىنى.

ئامان بولغىن يەنە قايتىپ كەلگىچە،
ئاق سۈت بەرگەن ئايىم خوشقال كورگىچە.
ۋەيران كوڭلۇم بۈگۈن قايىنار ئوزگىچە،
ئېسەن بولساق كورۈشەرمىز ئولگىچە.

ئامانلاشماي بىزلەر شۇنداق ئايرىلدۇق،
غېرىپ سىڭلىم سۈندى قانات قايرىلدۇق.
كورۈشكىچە ئارمان بىلەن زارلىدۇق،
ئېسەن بولساق كورۈشەرمىز بىز دىدۇق.

ئوت تۇتاشتى بەگ ھاۋازنىڭ ئىچىگە،
مەن قارار مەن ئەمدى قايسى كىشىگە.
سالامىمنى ئېلىپ كېلەر تۇرنىلار،
ئاتام رازى بولسۇن تەغدىر ئىشىگە.

ئاچچىغلىنىپ قارىمىدىم ئۇنىڭ بەستىگە،
مەن بارارمەن گور گوغلىنىڭ يۇرتىغا.
غېرىپلىقتا يىغلاپ قالدى بىر ئانام،
ئانام رازى بولسۇن بەرگەن سۈتىگە.

كۈچ قۇرامدا قاناتىمدىن قايرىلدىم،
يۈرەكتە داغ، مەن بېغىمدىن ئايرىلدىم.
ئامان بولۇڭ بارچە ئاكا ـ ئىنىلەر،
ئارمان بىلەن مەن سىلەردىن ئايرىلدىم.

قولاق سالغىن مەن ئەيلىگەن ناۋاغا،
جانۇ ـ دىلىم بارچىگىزغا سادا غا.
كورىمەنمۇ، كورمەيمەنمۇ سىزلەرنى،
ئامانەت تاپشۇردۇم سىزنى خۇداغا.

بەگ ھاۋازخان بۇ نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ يىغلاپ گور ئوغلىغا قوشۇلۇپ تاغ بېشىدىن چۈشتى، چەمبىلگە قاراپ راۋان بولدى.

يول يۈرۈپ، چولنى كېزىپ چەمبىلگە كەلدى. چەمبىلنىڭ پەشتاقلىرىنى كوردى. گور ئوغلى بەگ ھاۋازغا قاراپ، بۇ يەرلەرنىڭ باغلىرىنىڭ، تاغلىرىنىڭ، كوللىرىنىڭ، پەشتاقلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، بىر ـ بىرلەپ كورسىتىپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

خۇدا بولدى مەن غېرىپقا مېھرىۋان،
مەيداندا ئاقتۇردۇم سۇدەك قىزىلقان.
مەن ئايلىناي دال بويۇگدىن چىراغىم،
قولاق سېلىپ ئاڭلا بۇنى ھاۋازخان.

قولاق سالغىن ھاۋازخان ئاتاڭ تىلىگە،
غېرىپ بولۇپ چۈشتۈم چەمبىل ئېلىگە.
بويۇگدىن ئورگىلەي ئوغلۇم ھاۋازخان،
كوزۇڭ ئاچقىن كەلدۇق چەمبىل ئېلىگە.

ئەنە كورۇندى چەمبىلنىڭ باغى،
بۇلبۇللار قونۇپ ئۇچارلەر زاغى.
كوزۇڭ ئېچىپ يەر ـ سۇيىنى تونىغىن،
كورۇنۇپ تۇرغان ئەلنىڭ بۇلاغى.

كوزۇمنى تۇتۇپتۇر چاڭنىڭ غۇبارى،
يىراقتىن كورۇنەر چەمبىل مۇنارى.
كوزۇڭنى ئېچىپ قارا بەگ ھاۋاز،
پىاقىراپ كورۇنگەن چەمبىلنىڭ دارى.

تولا قاراپ ئاقتى كوزۇمنىڭ ياغى،
بىر تاش كېلىدۇ چەمبىل ئۇزاغى.
مۇنارا قېشىدا ئەڭ چوڭ كورۇنگەن،
پارچىسىدۇر مەدرىسىنىڭ پەشتاغى.

باغلانسۇن ھاۋازخان دۇشمەننىڭ قولى،
بىز كېلىۋاتقان جاي چەمبىلنىڭ چولى.
شۇكرى لىللاھ ئەمدى كەلدۇق چەمبىلگە،
ئەنە ئۇ، كورۇنگەن ئوردەكنىڭ كولى.

ئات چېپىشقا ئەپلىك ئوردەك دالاسى،
ئويناپدۇ ئوردەكنى بەگلەر بالاسى.
گور ئوغلى دەر كەلدۇق چەمبىل ئېلىگە،
ئالدىمدا تۇرغان چەمبىل قەلئەسى.

گور ئوغلىنىڭ سوزىنى بەگ ھاۋازخان ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندا، چەمبىل شەھرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە:

ـ ھارماڭ تورەم! ـ دەپ گور ئوغلى ھەم بەگ ھاۋازخانلار بىلەن كورۇشتى، ئۇلار ھەق ـ قىدە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

بەگ ھاۋازخاننىڭ قەددى ـ قامىتىگە، سۇ ـ لايماندەك سوۋلىتىگە، قەلەمدەك قېشىغا، شې ـ كەردەك سوزىگە، ئالمىدەك مەڭزىگە قارىشىپ پۈتۈن شەھەر خەلقى:

ـ ئادەمزاتتىنمۇ شۇنداق پاكىزە زات ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن، بۇ يىگىت كىشىلەرنىڭ تەرىپلىگىنىچە بار ئىكەن. ـ دەپ ئۇنىڭ ھوسنىگە تەھسىن ـ ئاپىرىن دېيىشتى.

شۇ چاغدا گور ئوغلىنىڭ ئاغا يۇنۇس پەرى باشلىق ھەممە خوتۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئال ـ دىغا چىقتى. ئۇلار گور ئوغلىنى كورۇپ خۇ ـ شال بولۇشتى. ئاغا يۇنۇس پەرى ئېتىدىن چۈشۇپ بېرىپ بەگ ھاۋازنى "ئوغلۇم" دەپ

بېشىغا ئېلىپ كوتەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەگ ھاۋاز خاننى ئېلىپ چەمبىلنىڭ شەھرىگە كەلدى. ھەممىلىرى خوشال - خورام بولۇشتى. گور ئوغلى بەگ ھاۋازنى 400 يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كوڭلى غەمدىن خالاس بولدى. يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئوڭ قولىغا بىر ئاياق شاراپنى ئالدى. بەگ ھاۋازخانغا قاراپ بۇ نەزمىنى دىدى:

سەن سەن مېنىڭ قىزىل گۈلۈم،
بەلكى مېنىڭ جانۇ - دىلىم،
بەگ ھاۋازخان ئېزىز ئوغلۇم،
قوزام تالدۇرما - تالدۇرما.

غازات قىلغىن شىردەك بولۇپ،
دۈشمەن قالسۇن يەردەك بولۇپ،
جەننەت ئىچىدە ھوردەك بولۇپ،
قوزام تالدۇرما - تالدۇرما.

كۈندەك نۇرلۇق يۈزۈڭ تاۋلاپ،
دۈشمەن ئارىسىنى ئارىلاپ،
يىگىتلەرنى سەر خىل تاللاپ،
گۈلۈم سولدۇرما - سولدۇرما.

دۈشمەن چەكسۇن قايغۇ مېھنەت،
40 پادىشا ساڭا ئۈلپەت،
بۇدۇر ساڭا بىر غەنىمەت،
قوزام تالدۇرما - تالدۇرما.

گور ئوغلى دەر شۈكرى لىللا،
ھاۋاز ئوغلۇم ساڭا دىلخا،
پانى ئۆرۈر ئۇشبۇ دۇنيا،
بالام تالدۇرما - تالدۇرما.

بەگ ھاۋاز خان گور ئوغلىدىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ خوش بولدى، ۋاختى چاغ ھالدا يىگىتلەر قاتارىدا ئولتۇرۇپ شاراپ ئىچىشتى. گور ئوغلى بەگ ھاۋازخاننىڭ بېشىغا ئالتۇن تاج كەيگۈزدى، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىدى، شاھانە تون كەيگۈزدى.

ئوزىنىڭ ھوكۇمرانلىق موھرىسىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. پۈتۈن شەھەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۇنى سۇلتان قىلدى. بۇ ئىشلار يىگىتلەرنىڭ كوڭلىدىكىدەك بولۇپ، ھەممىلىرى مۇرادى مەقسەتلىرىگە يېتىشتى.

ئەمدى سوزنى بىر قاراخان پادىشادىن ئاڭ-لايلى:

ئۇنىڭ 40 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. يەنە زەينەپشاھ ئايىم دەپ بىر قىزى بار ئىدى. گور ئوغلى 21 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بەگ ھاۋازخانغا ئۇنى ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئوغلىنىڭ ئېتىنى ئېلى خان، قىزىنىڭ ئېتىنى نۇرخان قويدى.

بىر كۈنى گور ئوغلى سۇلتان قول ئاستى-دىكى شاھلارغا قاراپ:

— ئەي پادشالار، 90 لەك ئەسكەر جەمئى بوپتۇ. بىز بۇ كۆچ بىلەن شەھەرلەرگە داڭقى كەتكەن دانىيات دىگەن پالۋاننىڭ شاختار دىگەن شاھى بىلەن شەھرىنى قولغا چۈشۈر-سەك، — دىدى. ئۇلار بۇ سوزنى ماقۇل كورۇپ يولغا چىقتى. لەشكەرلەر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تەجەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كې-لىشتى. شۇ چاغدا گور ئوغلىنىڭ تاغىسى ئەھمەدخان:

— ئەي گور ئوغلى، شەھەر يالغۇز قالدى. شەھەرنى ساقلىغىلى بىر كىشى بىلەن ئەسكەر ئەۋەتسەك! — دەپ تەكلىپ بەردى. گور ئوغلى:

— كىمنى ياندۇرساق بولار؟! — دىدى.

ئەھمەدخان:

ــ مانا بۇ بەگ ھـاۋازنى يـاندۇرايلى! ــ دېدى. گور ئوغلىنىڭ بۇ سوزگە ئاچچىغى كەلدى.

ــ ئەي ساقىلى ئاقىرىپ تېخى دىلى ئاقارمىغان تاغام، مېنىڭ پىرى ئۇستازلىرىم چۈشۈمدە سېنىڭ كورگەن ۋە كـورىدىغان دەۋلىتىڭ كېرەم قاسساپنىڭ ئوغلى بـەگ ھـاۋازنىڭ پەشالىسىدا دەپ بىشارەت بەرگەن؛ مـەن شۇنچە لەشكەرلەر بىلەن بەگ ھـاۋازنىڭ ھەمرالىقىدا بۇ جەڭگە كېتىۋاتسام، سەن شۇنى كورۇپ تورۇپ يەنە بەگ ھـاۋازنى يـاندۇرساق دەيسەن. شۇ سوزۈڭ ئـۈچۈن مـەن سېنى 40 ئاتلىق ئادەم بىلەن شەھەر ساقلاشقا ياندۇرىمەن! ــ دېدى.

ئەھمەدخان كوپچىلىك ئالدىدا ئىزا تارتتى. لېكىن ئۇنىڭ 40 ئـاتلىق ئـەسكەرنى ئـېلىپ ئارقىسىغا يانماي ئىلاجىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى گور ئوغلى سۇلتان، دېگەن سوزىدىن يانمايدىغان ئادەم ئىدى. ئـەھمەدخان ئـارقىسىغا ياندى. ئۇ، يولدا كـېلىۋېتىپ ئـوز ـ ئـوزىگە: "خـەپ! مەن سېنىڭ قىلغىنىڭغا شـەھەرگـە قايتىپ بېرىپ ئۇنى خانىۋەيران قىلىۋاتىمـسام، ئەھمەدخان ئىسمىنى ئوچۇرۇۋېتىمـەن!" دېـدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چەمبىل شەھەرىگە كەلدى. دەرۋازىنى قاقتى، دەرۋازىۋەنلەر:

ــ مەزگىلسىز دەرۋازىنى ئـۇرغـان كىمسەن؟! ــ دەپ سورىدى. ئەھمەدخان:

ــ مېنى گور ئوغلى بىلەن بەگ ھـاۋازخان شەھەرنى ساقلىغىلى ياندۇردى، مەن ئـەھمەدخانمەن، دەرۋازىنى ئېچىڭلار! ــ دېدى. دەرۋازىۋەنلەر:

ــ بىز گور ئوغلى بىلەن بەگ ھـاۋازخاندىن باشقا كىشىلەرگە بۇنداق چاغدا دەرۋازىنى ئاچمايمىز! ــ دەپ جاۋاپ بېرىشتى. ئەھمەدخان:

ــ مەن شۇلارنىڭ بـۇيرۇغى بىلەن شەھەر ساقلىغىلى كەلدىم! ــ دېدى. دەرۋازىۋەنلەر:

ــ ئانداق بولسا بىز ئـاغا يـۇنـۇس پەرى بىلەن زەينەپشاھ ئايىمدىن سورايلى! ــ دېيىشتى، ئۇلار كېلىپ ئىككى ئايىمدىن:

ــ ئەھمەدخاننى گـور ئـوغلى بىلەن بـەگ ھاۋاز خان شەھەر سـاقلاشقا ئەۋەتىپتۇ. دەرۋازىنى ئاچىمىزمـۇ؟ ئـۇلار شـەھـەرگە كىرسۇنمۇ؟! ــ دەپ سورىدى، ئىككى ئايىم:

ــ ئۇلار ئەۋەتكەن بولسا كىرسۇن. ئـۇلارسىزمۇ شـەھـەر تـىـنىچ ئىدى، ــ دەپ جاۋاپ بېرىشتى. دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئـاچتى، ئەھمەدخان شەھەرگە كىرىپلا:

ــ زامانى زامان كىمنىڭ زامانى؟ ئەھمەدخاننىڭ زامـانى! ــ دەپ ئـوزىنى پـادىشا ئـېلان قىلدى. ناغرا، كـاناي ـ سۇنايىنى ئوزىنىڭ نامىغا چالدۇردى. غەزىنىلەرنى ئـېچىپ بـۇلاڭ ـ تالاڭغا قويۇپ بەردى. يېڭى ئـوسمە 16 ياشلىق ۋە 20 ياشلىق يىگىتلەردىن 12 مىڭنى ئەسكەرلىككە ئالدى. بۇلارنىڭ خىراجىتىنى، كىيىم ۋە قورال ـ ياراقلىرىنى گور ئوغلى سۇلتان بىر نەچچە شەھەرلەردىن ئېلىپ كەلگەن ئولجىلاردىن بەردى.

گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازنىڭ خوتۇنلىرىدىن ئاغا يۇنۇس پەرى ۋە زەينەپشاھ ئايىمنى ئەھمەدخان دارغا ئاسماقچى بولدى. شەھەردىكى مويسىپىتلەر، چـوڭـلار ئـۇنىڭ ئـالدىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئەھمەدخان، سەن ساراڭ بـولدۇڭمۇ؟ گور ئوغلى بىلەن بـەگ ھـاۋازخان ئولسىغۇ بۇ ئىشلار ئـوتۈپ كېتەر. ئـەگەر ئۇلار بۇ جەڭلەردىن غـەلىبە بىلەن تىرىك قايتىپ كەلسە قانداق قىلىسەن؟ئۇلارغا، قارا خانغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن؟ سەن خاپا بولساڭ گور ئوغلى بىلەن بەگ ھاۋازدىن خاپا بوپسەن، بۇ ئاياللاردا نىمە گۇنا ۋە نىمە ئوچۈڭ بار؟!

بۇلارنى قويۇپ بەرگىن. بېشىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن، كۆزىمنى ئاچسۇن! — دېيىشتى. ئەھمەدخان بۇ ئىككى ئايىمنى يالاڭ باش، يالاڭ ئاياق هالدا ئۇرۇپ، ئىزا - ئاھانەت قىلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. جاكاچىنى چىقىرىپ:

— شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشى ئاغا يۇنۇس پەرى بىلەن زەينەپشاھ ئايىمغا ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا بىرەر توقاچ ياكى بىرەر چىنە سۇ بەرمىسۇن. ئەگەر بۇ پەرماننى ئاڭلىماي ئۇلارغا كىمىدۇر كىم نان ۋە باشقا نەرسە بەرسە ئۇ كىشىنىڭ بېشى ئولۇمگە، مال - مۈلكى تالاڭ - تاراجغا كېتىدۇ! — دەپ جاكا قىلدۇردى. ئۇلار:

— بىزلەر بۇ قارا يۈزنىڭ ئالدىدا خەلقتىن ئاش - نان، سۇ تىلەپ ئۇلارنى بالاغا قويغىچە چولگە چىقىپ كېتەيلى. ئەجەلىمىز يەتسە شۇ يەرلەردە ئولەيلى. بۇلار بىزنىڭ ئولۇگىمىزنىمۇ كورمىسۇن! — دەپ يىغلىشىپ چەمبىلنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇچ تاش يول يۈرۈپ بىر باينىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كىشى گور ئوغلىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن باي بولغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردىن ئوتسىلا قاقاس چولگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار:

— بۇ ئويگە كىرەيلى، نان بەرسە ئەجەپ ئەمەس. — دېيىشىپ مەسلىھەت بىلەن ئىككى بالىنى كىرگۈزدى. بۇ بالىلار ھويلىغا كىرگەن ئىدى. باي بۇلارغا:

— ئەي شۇملار، مېنىڭمۇ تەئەللۇقۇمنى بۇلاڭ — تالاڭغا قوياي دەمسەن؟! يوقال كوزۇمدىن! — دەپ ئىككىسىگە ئىككى قامچا سالدى. بالىلار يىغلىشىپ قايتىپ چىقتى. باينىڭ ئاۋازى بىلەن بالىلىرىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان بۇ ئىككى ئايال:

— ئەي رەھىمسىز باي، بۇ ئىككى كىچىك مەسۇمە بالىلارغا سالغان قامچىنى بىزگە ئۇرساڭ بولمامدۇ؟ بۇلاردا نىمە گۇنا بار. بۇلارنى سېنىڭ ھويلاڭغا بىز كىرگۈزگەن، خۇدا نېسىپ قىلسا ئىككى قامچىغا 100 قامچا ئۇردۇرمىساق ئايىم ئېتىمىز قۇرۇسۇن! — دەپ قەسەميات قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئايال، بالىلارنى يېتىلەپ زار - زار يىغلاپ چولگە چىقىپ كېتىپ بېرىپ، بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

پەرۋەردىگار رەھىما قۇدرىتىڭ كەڭ خۇدايا.
بىز بىچارە قۇلۇڭغا رەھىم قىلغىن خۇدايا.

گور ئوغلىنىڭ ھەسرىتىنى يار قىلمىسەن خۇدايا.
ئوچۇق يۈزۈڭ كورمەككە زار قىلمىسەن خۇدايا.

بۇ چوللەردە بىز غېرىپ، رەڭگى روھلار سارغىيىپ،
دەرگاھىڭغا يالۋۇرۇپ زار يىغلايمىز خۇدايا.

سەھەرلەردە ئويغۇنۇپ، ئۇممەت بىلەن تولغۇنۇپ،
كوزلەر ياشقا بولغۇنۇپ، قان يىغلايمىز خۇدايا.

بىر ئوت پەيدا بولۇپتۇ، كوڭۇل غەمگە تولۇپتۇ،
باغرىمىزنى تىلىپتۇ رەھىم قىلغىن خۇدايا.

يۈرەكلەردە دەرتلەر كوپ، بىر دەپتەرگە سىغمايدۇ،
دەرتمەنلەرنىڭ قەدرىنى بىرەر ئىنسان بىلمەيدۇ.

سەندىن ئوزگە كىمىم بار، ئاغا يۇنۇس يىغلايدۇ،
يا ئىلاھى پەرۋەردىگار رەھىم قىلغىن خۇدايا.

بۇلار چولگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئەي دىلى قاتتىق باي، شۇ ئايالار ۋە بىچارە مەسۇمە بالىلارغا 5 - 6 نان بەرسەڭ

يامان بولارمىدى؟ — دەپ قولىغا 5 ـ 6 نان ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ ماڭدى. 2 تاش يول يۈرۈپ ئۇلارغا يېتىشتى، ئېلىپ كەلگەن نانلىرىنى بەردى، يەنە 2 قاپاق سۇمۇ بەردى. ئۇلار بۇ ئۇزۇقلۇققا يېتىشىپ خوشال بولۇشتى. ئاز ـ تولا ماغدۇرىغا كېلىپ يەنە يولغا چۈشۈشتى.

ئاغا يۇنۇس پەرى، زەينەپشاھ ئايىم، ئېلى خان، نۇرخان دىگەن ئىككى بالا بىلەن بۇ چولدە سەككىز كۈن يول يۈردى. ئۇلار شۇ يۈرۈشتە بىر تاغنىڭ ئېتىگىگە يېتىپ بارغاندا، ئاغا يۇنۇس پەرى ھوشىدىن كەتتى. يەنە ئازراق مېڭىپ زەينەپشاھ ئايىممۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. 2 بالا يېتىلىشىپ يەنە يېرىم تاش يول مېڭىپ بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار تۆت تەرەپكە قارىغان ئىدى، قىبلە تەرەپتىن كۆزىگە بىر چېدىر كۆرۈندى. باللار بۇنى كۆرۈپ يىغلاشتى. يېتىلىشىپ چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇلارمۇ چېدىرنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يىقىلدى.

بۇ چېدىر خالدار بايۋەتچىنىڭ چېدىرى ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى چېدىردا ئولتۇراتتى. قۇلىقىغا بىر نالە ـ پەريات ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، تاشقىرىغا چىقىپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلغان 2 بالىنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئايال بۇ ئىككى بالىدىن:

— سەن نىمە جانسەن؟ جىنمۇسەن؟ ئادەممۇسەن؟ بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولۇشتۇڭ؟ بۇ ئادىمزاتنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان يەرئىدى! — دىدى.

ھالىدىن كەتكەن باللار يىغىدىن ئۆزىنى تۇختۇتالمىدى. گەپمۇ قىلالمىدى، ئۇ ئايال بۇلارنىڭ ئالدىغا دەستىخان ئېلىپ چىقىپ تائام قويدى. ئۇلار ئاغزىغا بىر لوقمىدىن تائام سالغاندىن كېيىن، "ئانىمىنىڭ ۋە چوڭ ئانىنىڭ چولدە ئاچلىقتىن يېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇزلىرىنىڭ بەگ ھاۋازىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكىنى" ئېيتىشتى. ئۇ ئايال بۇ سوزنى ئاڭلاپ:

— ۋاي ئىسىت! — دەپ نان، سۇ ئېلىپ چىقىپ 2 بالا بىلەن يولغا چىقتى. بىر سائەت يول يۈرۈپ زەينەپشاھ ئايىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا ئاپتاپتەك بىر مەلىكە چولدە ھوشسىز يېتىپتۇ. خالدار بايۋەتچىنىڭ خوتۇنى زەينەپشاھ ئايىمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختىدا سۇ تېمىتتى. ئۇ، ھوشىغا كېلىپ كوزىنى ئاچتى. "خۇدايا شۈكرى" دەپ ئورنىدىن قوپۇپ خالدار بايۋەتچىنىڭ خوتۇنى بىلەن تونۇشتى. يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئاغا يۇنۇس پەرى بار جاينى كورسەتتى. ئۇلار بىرلىكتە ئاغا يۇنۇس پەرى بار جايغا باردى. بىرسى بېشىنى يولىدى، يەنە بىرسى پاختىدا ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئاغا يۇنۇس پەرىمۇ ھوشىغا كەلدى. "خۇدايا شۈكرى" دەپ ئورنىدىن قوپۇپ خالدار بايۋەتچىنىڭ ئايىلى بىلەن تونۇشتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ چېدىرغا قاراپ ماڭدى.

بۇ مەزگىلدە خالدار بايۋەتچى شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئۇۋدىن قايتىپ چېدىرغا يېتىپ كەلدى. لېكىن خوتۇنى ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدى، ئۇنىڭ ئېتى قاتتىق كىشنىدى. خوتۇن يەنە چىقمىدى. ئۇ، ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ قايتىپ كەلسە، ئات بىر قېتىم كىشنىگەن ھامانلا خالدارنىڭ خوتۇنى چېدىردىن چىقىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ئېتىنى ئالاتتى. بۇ نۇۋەت ئات 3 قېتىم كىشنىدى، خوتۇنىنىڭ دىدارىمۇ كورۈنمىدى. خالدارنىڭ ئاچچىغى كەلدى. ئۇ، غەزەپ بىلەن چېدىرغا كىردى. قارىسا خوتۇنى يوق، خالدارنىڭ كوڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: "بۇ خو-

تۇنىنىڭ بۇ يەردە ئاشىنىسى بار ئىكەن، ئۇ بۇگۈنكى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ شۇنىڭ قېشىغا كەتكەن ئوخشايدۇ." دېدى. چېدىردىن چىقىپ ئېتىغا مىندى. "ئەگەر ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدىلا بولساڭ سېنى ئىزدەپ تېپىپ كورگەن يېرىمدىلا نەيزەمنىڭ ئۇچىغا سانجىپ كوتۈرۈپ كەلمىسەم خالدار ئىسمىم قۇرۇسۇن!" دەپ قەسەم قىلىپ، ئېتىنى تاغ ئۈستىگە قارىتىپ چاپتى.

قارىسا خوتۇنى 2 ئايال ۋە ئىككى بالا بىلەن چولدە كېلىۋاتقان. ئۇ خوتۇنىنى كورۇپ: "سېنى شۇ مېھمانلىرىڭ بىلەن نەيزەمنىڭ ئۇچىغا سانجىپ ئالىمسام!" دەپ ئات قويدى.

خالدارنىڭ نەيزىسىنى يانتۇ قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كورگەن خوتۇنى:

— ئەي ئەدەپسىز، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ بەگلەرنىڭ بېگى، خانلارنىڭ تاجدارى ئىمىر گور ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسى كەلدى. ئاتتىن چۈشۈپ نەيزەڭنى يىغ! — دېدى.

خالدار ئەجەپلىنىپ:

— ئەي خېنىم، بۇ قانداق گەپ؟ راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خالدارنىڭ خوتۇنى:

— پۈتۈن ئەتراپقا داڭقى ئاۋازى شوھرىتى پۇر بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئىمىر گور ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسىنىڭ قەدىمى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەپتۇ. مانا بۇ، شۇ كىشىلەر، — دەپ كورسەتتى. خالدار بايۋەتچى خوتۇنىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— راست شۇنداق بولسا مەرھەمەت. مەن ئالدىڭلاردا بېرىپ چېدىرنى تۈزەپ، كىگىز بىساتلارنى سېلىپ تۇراي! — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ چېدىرغا يېتىپ كېلىپ بېقىۋاتقان بىر بوداق قويىنى سويدى. "ئۇلار مەندىن قورۇنۇپ قالمىسۇن" دەپ ئۇزىگە چېدىرنىڭ ئارقىسىدىن جاي راسلىدى. خالدارنىڭ خوتۇنى مېھمانلارنى باشلاپ كېلىپ ئەدەپ - قائىدىگە مۇۋاپىق ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇلارغا زىياپەت بەردى. بېشىدىن ئوتكەننى سوزلەشتى. 5 — 6 كۈن شۇنداق ئوتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى خالدارنىڭ ئويىغا مۇنداق بىر خىيال كەلدى: "گور ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى بىزنىڭ ئويدە بولغاندىن كېيىن، مەن كارۋان يولىغا چىقىپ سودىگەرلەردىن گور ئوغلىغا تەۋە باج - خىراجەتلەرنى ئېلىپ، ئۇنى بۇلارغا خىراجەت قىلىپ بېرەي" دېدى. ئېتىنى توقۇپ مىندى، بېشىغا ئالتۇن قالپىقىنى كەيدى، قولىغا ئوتكۈر نەيزىسىنى ئالدى. كارۋانلار ئوتىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر سودىگەر بار ئىدى، ئىسمىنى مىيالى دەيتتى. ئۇ 500 خېچىردا ئىسپىھاندىن چەمبىلگە، چەمبىلدىن شاختارنىڭ شەھرى جەيھۇنغا مال يوتكەپ كارۋانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ 80 خىزمەتكارى بار ئىدى. خالدار يولنىڭ بويىغا چىققاندا شۇ كېلىپ قالدى. ئۇ، سودىگەرگە:

— ئەي مىيلى، بۇ مالنىڭ بېجىنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

سودىگەر:

— گور ئوغلىغا بېرىمەن، — دېدى.

خالدار:

— ئۇنداق بولسا باجنى ماڭا بېرىسەن! — دېدى. سودىگەر:

— نېمە ئۈچۈن؟! — دەپ سورىدى.

خالدار:

— گور ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسى مېنىڭ ئويۇمدە، مەن سەندىن بۇ باجنى ئېلىپ شۇلارغا خىراجەت قىلىمەن! — دەپ جاۋاپ بەردى.

سودىگەر:

— سەندەك بىر پادىچىنىڭ ئويىدە ئۇلار

نېمە ئىش قىلىدۇ؟ سەندەك پادىچىنىڭ گور ئوغلىغا تېگىشلىك باجنى ئېلىشقا ھەققىڭ يوق، — دېدى.

خالدار:

— گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازخانىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە دېدىمۇ؟ مەن بۇ باجنى سەندىن ئالسام شۇنىڭغا خىراجەت قىلىمەن، — دېدى.

سودىگەر:

— مەن باجنى گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازخاندىن باشقا ھېچكىمگە بەرمەيمەن! — دېدى.

خالدار ناھايىتى كېلىشكەن پالۋان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك ئىدى. بەدەن گوشلىرىمۇ مۇشتەك كاللىدەك ھۆرپىيىپ چىققان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلما! باجنىڭ 40 دىن بىرىنى ماڭا بەرگىن! — دېدى.

سودىگەر:

— ياق! — دېدى.

خالدار:

— ئانداق بولسا 80 دىن بىرىنى بەرگىن! — دېدى. سودىگەر بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئەكسىنچە خىزمەتكارلىرىغا:

— خالدارنى تۇت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. چاكارلار ئۇنى تۇتۇشقا يۈگۈرۈشتى. خالدارنىڭ غەزىۋى ئۆرلىدى. قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ چاكارلاردىن 30 — 40 ئادەمنى گويا قوشقاچنى سانجىغاندەك نەيزىسىگە سانجىپ ئېلىپ تاشلىۋەتتى. مىيلى سودىگەر قورقتى. خالدارغا قاراپ:

— باجنى قانداق ئالساڭ شۇنداق ئال! — دېدى.

خالدار:

— بايارىق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپ 500 خېچىرنىڭ يۈكىنى چۈشەردى.ماللارنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ كۆردى. سودىگەر بىر ساندۇقنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى.

خالدار:

— سەن بۇنى نېمىشقا ئاچمايسەن؟! — دەپ سورىدى.

سودىگەر:

— مەن بۇنى 9000 سەر تەڭگىگە تەييار قىلدۇرغان. مەخسۇس شاختارغا تەييارلانغان سوۋغا! — دېدى.

خالدار:

— ئاچ، كۆرەي! — دېدى. سودىگەر ئۇنىمىدى. خالدار قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ قولۇپىنى ئۈزۈپ چۈشۈردى، ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن پار ـ پۇر قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان 2 كىيىملىك ئېسىل ماتا چىقتى. ئۇ، قارا قوشقاچنىڭ تۇكىدەك چىكىم ـ چىكىم رەڭلىك ئىدى. خالدار بۇنداق رەختنى تېخىچە كۆرمىگەن ئىدى.

— باجدىن ئۆتتۈم! — دەپ پادىشادىن 100 قويىنى بېرىپ، بايىقى مالنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ خوتۇنىنى قىچقىرىپ:

— پەتنۇس ئېلىپ چىق! — دېدى.

خوتۇنى پەتنۇس ئېلىپ چىقتى. خالدار ئىز رەختنى خوتۇنىغا بېرىپ تۇرۇپ:

— بۇنى ئېلىپ كىرىپ خېنىملارنىڭ ئالدىغا قوي! رەختتىنى ئال. ئەگەر ئالا نىيەتلىك قىلىدىغان بولساڭ ساڭا ياخشىلىق يوق! — دېدى.

خوتۇنى:

— خوپ! — دەپ ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار بۇ رەختنى كۆرۈپ خوش بولۇشتى ۋە:

— بىز شۇنداق ئۇلۇغ بەگلەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ تۇرۇغلۇق بۇنداق ئېسىل ماتانى كۆر-

مەپتىنكەنمىز، سىلەرنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقلارنى خۇدا خالىسا بىزمۇ قايتۇرارمىز، — دەپ رەھمەت ئېيتىشتى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. خالدار باي ۋەتىنىنىڭ كوڭلىگە يەنە بىر ئىش كەلدى. 40 لەك ئەسكىرى بار قارا خان پادىشاغا بىر ھىيلە ئىشلىتىپ تۇۋەندىكىدەك خەت يازاي دىدى: "قارا خان پادىشا، مەن ئوغلۇمنىڭ خەتمە تويىنى قىلماقچى بولىۋاتىمەن. ئۆزلىرىنى لەشكەرلىرى بىلەن تويغا تەكلىپ قىلىمەن." دىگەن خەتنى يېزىپ بىر خىزمەتكارىدىن قارا خانغا ئەۋەتتى. 5 كۈن دىگەندە خەت قارا خانغا يەتتى. قارا خان پادىشا خەتنى ئوقۇپ غەزەپلەندى. "بىر پادىچى ماڭا بۇنداق خەت يېزىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ نىمە قىلغىنى؟ ياكى ئۇنىڭغا غايىپتىن بىرەر نەرسە ئۇچرىدىمۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر خەت يازاي، ئۇ مەن دىگەن نەرسىلەرنى تەييار قىلسا باراي، بولمىسا تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلسۇن." دەپ تۇۋەندىكى خەتنى يازدى: "ئالدى 40 ياش، ئارقىسى 25 ياش، 1000 دىن بىرنى تاللاپ ئالغان 40 لەك ئەسكىرىم بار. ئۇلار مەندىن ئايرىلمايدۇ. 1000 چېدىر تىكىلسۇن، 1000 گەزل مىخ قېقىلسۇن. 100 مىڭ تۇۋدرا تەييار قىلىنسۇن. بۇلار تولۇق تەييارلانمىسا بارمايمەن." دىدى ۋە ئۇنى موھۇرلەپ ئەۋەتتى. خالدار بۇ خەتنى كورۇپ 4 يەرگە كونا چېدىر تىكتى. 4 يەرگە 4 مىخنى قېقىپ 4 تۇۋدرىنى ئېسىپ قويدى. قارا خانغا: "سىز دىگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلدىم،" دەپ جاۋاپ خەت يازدى.

قارا خان پادىشا بۇ خەتنى كورۇپ:

— بۇ چايغا بارماي بولمايدۇ. تارت كانايىنى، چال ناغرا-سۇنايىنى! — دەپ 40 لەك لەشكەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى. قارا خان پادىشا 10 نەچچە كۈن يول يۈرۈپ خالدارنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا ھېچ نەرسە يوق.

قارا خان خالدارغا غەزەپ بىلەن:

— قېنى قىلغان تەييارلىغىڭ؟! ئەي پادىچى! — دىدى. جاللاتلار خالدارنى ياقىسىدىن تۇتۇپ قاراخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

خالدار:

— تەخسىر، ئەرزىم بار ئاڭلىسىلا! — دىدى.

قارا خان:

— نىمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

خالدار:

— مەن سىلە دىگەن نەرسىلەرنى تەييارلىماقچى ئىدىم. بىزنىڭ چېدىرىمىزغا 3 — 4 مېھمان كېلىپ قالغان ئىدى، شۇلارنى كۈتۈمەن دەپ ئۇ تەييارلىقنى قىلالمىدىم، — دىدى.

قارا خان:

— ئۇ مېھمان بىزلەردىنمۇ ئۇلۇغمىكەن؟! — دەپ سورىدى.

خالدار:

— تەخسىر پادىشاھى ئالەم، كورسىلە بىلىدىلا، — دىدى. چېدىردا قارا خان پادىشانىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تۇرغان زەينەپشاھ ئايىم:

— ۋاي، بۇ مېنىڭ دادامغۇ؟ سەندىن ئايرىلىپ بىزگە كوپلىگەن دەرت-ئەلەم يەتتى! — دەپ يىغلاپ چىقتى. قارا خان قىزىنى كورۇپ:

— نىمە ۋەقە بولدى قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

زەينەپشاھ ئايىم:

— ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن، — دىدى.

قارا خان:

— سوزلە! قىزىم، — دىدى.

زەينەپشاھ ئايىم: "گور ئوغلىنىڭ بەگ ھاۋازخانىنى ئېلىپ غازاتقا چىقىپ كەتكەنلىگىنى،

يـولدىن تــاغىسى ئــەھمەدخاننى شەھـەر ساق- لاشقا ياندۇرغانلىقىنى، ئالا نىيەت ئەھمەدخان، شەھەرگـە قايتىپ كېلىپ ئـوزىنـى خـان دەپ ئېلان قىلىپ، گور ئوغلىنىڭ غەزنىسـىنى تالان- تاراج قىلدۇرغانلىقىنى، ئـۇلارنى ئوردىدىن ۋە شەھەردىن ئاچ ـ يالىڭاچ قـوغلاپ چىقارغانلىقى- نى، يولدا ئۇسـاپ كېتىپ ئۇلۇشكە ئاز قالغان- دا ، خالدارنىڭ ئايىلى چېدىرغا باشلاپ كېلـىپ مېھمان قىلغانلىقىنى، خـالدارنىڭمۇ ئـوزلىرىنى كۈتكەنلىكىنى" بىرمۇ ـ بىر بايان قىلدى.

بەگ ھاۋازنىڭ خـوتـۇنى زەينەپشاھ ئـايىم مانا مۇشۇ قارا خاننىڭ ئامراق قىزى ئىدى. قا- را خان قىزىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، خالدارنىڭ ئوبدان چېدىرىغىمۇ چۈشمىدى. غەزەپ بىلەن:

ــ تارت كارنايىنى، چال ناغرا ـ سۇنايىنى! ــ دەپ 40 مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ چەمبىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سوزنى ئەھمەدخاندىن ئاڭلايلى:

ئۇ شەھەر ئۇچچە ئوزىگە قالغانلىقىدىن بىخارامان كەيپى ـ سـاپادا ئىدى. قـاراۋۇللىرى ئـۇنىڭغا چەمبىلگە قاراپ 40 تۇغلۇق لەشكـەر كېلىۋاتـ- قانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ئەھمەدخان بۇ خە- ۋەرنى ئاڭلاپ: "چەمبىل شەھرىنى ئالغانلىقىمنى قارا خان پادىشا ئاڭلاپ، مېنـى قـۇتـلـۇقـلاپ كەلـگەن ئـوخـشايـدۇ" دەپ 12 مىڭ يىگىتنى ياراقلىرى بىلەن يول ـ يولغا ئوڭ ـ سولغا قويدى.

قارا خان يېتىپ كېلىپ، تەبلى جەڭ سوق- تى. ئەھمەدخان بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ھەي دەرىخ، قارا خانمۇ ماڭا ياۋ بولۇپ كـەپتۇ. ــ دەپ 12 مىڭ يىگىتنى ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا چىقتى. سەپ تۈزەپ تۇردى. قارا خاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەن خالدار بـۇ- نى كورۇپ:

ــ ئەي خان پادىشاھى ئالەم، ماڭا پاتىھە بېرىڭ، مەن مەيدانغا كىرىپ مۇشۇ قارا ساقـ-

لىمنى ئۇلارنىڭ قىزىل قېنىغا بوياپ چىقاي! ــ دەپ رۇخسەت سورىدى.

قارا خان:

ــ بار، بېشىڭنى ئاللا سىلاپ ئـامـان قىلـ- سۇن! ــ دىدى. خالدار پالۋان ئېتىنى راسا ئە- گەرلەپ توشىنى تارتىپ ئاتلاندى. قولىغا نەيـ- زىسىنى ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئېتىنى ئـويـ- نۇتۇپ مەيداننىڭ ئـۇ بېشىغا 10، بـۇ بېشىغا 10، تورت تەرەپكە 40 قېتىم چـاپتۇرۇپ ئېتىـ- نىڭ ئاغزىغا كۆپۈك كەلگەندە مەيداننىڭ ئوتـ- تۇرىسىغا كېلىپ توختىدى:

ــ قېنى، مەن بىلەن جەڭ قىلغۇدەك مەرت بارمۇ؟ ــ دەپ سادا قىلدى.

يىگى ئـوسمە ئەسكەرلەردىن سادا چىقمىدى، ئەھمەدخان ئىزا تارتىپ كېتىپ:

ــ مانا مەن بار. ــ دەپ ئېتىنى مىنىپ ئو- زى مەيدانغا چۈشتى. خالدار پالۋان ئـەھمەد- خـاننى بـەلـۋېغىدىن تۇتۇپ كـوتۇرۇپ بېشىغا ئالدى. كېيىن بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇنى يەر- گە ئۇردى. ئۇنىڭ ياش ۋە يىگى ئەسكەرلىرى بۇنى كورۇپ: "بىزنىڭ پادىشاھىمىز يىقىلدى." دەپ ھەر تـەرەپكە قېچىشقا بـاشلىدى. بـۇلار ئۇلارنى 40 مىڭ لەشكىرى بىلەن قوغلاپ كېـ- لىپ شەھەرگە كىردى. شەھەرنى ئېلىپ: "زا- مانى ـ زامان كىملەرنىڭ زامانى؟ قارا خاننىڭ زامـانى، ئـەمىر گور ئوغلىنىڭ زامانى، بـەگ ھاۋازنىڭ زامانى" دەپ ناغـرا، كاناي ـ سۇناي چالدۇرۇپ شەھەرنى زىننەتلىدى. ئەھمەدخاننى ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارا خان:

ــ ئەي ساقىلى ئاقىرىپ، دىلى ئـاقارمىغان ئەھمەدخان، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇنداق يامان ئىشلار كەلدىمۇ؟ "گور ئوغلى ئولـمىگۇ خەيرـ- يـات، ئـەگەر تىرىك قـايتىپ كېـلىپ قـالسا مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟" دىگەن پىكىرنىمۇ ئويلاپ كورمىدىڭمۇ؟ بـۇ ئـەقىلسىز

نائىنساپنى تارت دارغا! — دەپ ھوكۈم قىلدى. جاللاتلار ئۇنى دارغا ئېسىشقا ئېلىپ ماڭغاندا خالدار پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇنى بىز ئۆلتۈرسەك بولماس، بۇنىڭ ئىشىنى ئىمىر گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازخانىنىڭ ئۆزلىرى كېلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن! مەن ئۇنىڭ قېنىنى تىلەي، زىندانغا سالسۇن! — دېدى. قارا خان ئۇنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى كېچىرىپ زىندانغا سېلىشقا ماقۇل بولدى. ئەھمەدخان زىندانغا بۇيرۇلدى. زىندان بېگى ئۇنىڭغا:

— ئەي قارا يۈز! سەن شۇ ھالىڭغا بىزنىڭ بېشىمىزغا نىمە كۈنلەرنى سالدىڭ ھە؟! — دەپ ئۇنى كايىپ ئېلىپ كەتتى.

قارا خان چەمبىلدە 5 ـ 6 كۈن تۇرۇپ 40 مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ ئۆز تېغىغا چىقىپ كەتتى.

خالدارمۇ 5 ـ 6 كۈندىن كېيىن شەھەردىن ئۆز چېدىرىغا كەلدى. ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە: "ئەمدى گور ئوغلى بىلەن بەگ ھاۋازنى تاپاي" دېدى. چېدىرغا، مېلىغا، ئايلىغا قاراشقا 80 دەك چاكارنى قويۇپ ئۆزى ئېتىغا مىندى. قىلىچ ـ قالقان، ئوقيا ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى ئىزلەپ شاختارنىڭ جەيھۇن دىگەن شەھەرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ، يولدا بىر پاتقاقچىلىققا دۇچ كەلدى. قارىسا، بۇ غەرق قان ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر چېدىر كۆرۈندى. خالدار پاتقاقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شۇ چېدىرغا باردى. ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇخلاپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ قولى چىنارنىڭ شېخىدەك ئىدى. بېشىغا بىر ساندۇقنى قويۇپ ياتقان ئىكەن. خالدار ئۇنىڭغا قاراپ تاماشا قىلغاندىن كېيىن:

— سەللەمنا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى يوغان ۋە سېمىز ئادەم دەپ يۈرۈپتىمىز. شۇنداقمۇ يوغىنىغان ئادەم بولىدىكەن! — دېدى.

ئۇ، ئۇخلاۋاتاتتى. خالدار قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ چاپاي، دەپ توختاپ قالدى. ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە: "بۇنى بۇ ھالەتتە ئۆلتۈرسەم، تاڭلا قىيامەت كۈنى مېنى خالدار ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرگەن دەپ دەۋا قىلمىسۇن. ئۇيقا ئۆلۈمنىڭ شېرىگى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش مەرتلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەس." دەپ قاتتىق شەپە قىلدى. ئۇ ئويغانمىدى. ئىككىنچى قېتىم شەپە قىلدى، ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. لېكىن ئۇ، خالدارنى كۆزىگە ئىلمىدى. خالدار غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ تۇرۇپ، قىلىچ چاپقان ئىدى، ئۇنىڭ بوينىدىن چىققان قاندا خالدار ئېقىپ كەتكىلى ئازلا قالدى. ئۇنىڭ بېشىنى، ساندۇقىنى ئېتىغا ئارتىپ گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازلارنى ئىزدەپ يەنە يولغا چۈشتى. بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، ناھايىتى قويۇق تىكىلگەن چېدىرنى كۆردى. ئۇلار خۇددى بىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرى تىكىلگەندەك تۇراتتى. ئۇ، بۇ چېدىرلارغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ گور ئوغلى بىلەن بەگ ھاۋازنىڭ چېدىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

خالدار پالۋان بايىقى ساندۇق بىلەن باشنى بىر قىرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى. گور ئوغلىنىڭ چېدىرلارنى بېقىۋاتقان قاراۋۇللىرى خالدارنى كۆرۈپ:

— ئەي خالدار، سەن بىزگىمۇ ئەل ئەمەس، شاختارغىمۇ ياۋ ئەمەس. ئېيتقىن، بۇ يەرگە نىمىشقا كەلدىڭ؟ خەت ـ چېكىڭ بارمۇ؟! — دەپ سوراشتى.

خالدار:

— بار، لېكىن ئۇنى سىلەرگە ئەمەس، گور ئوغلىنىڭ ئۆزىگە بېرىمەن! — دېدى.

قاراۋۇللار:

— ئانداق بولسا بىزمۇ سېنى گور ئوغلىنىڭ قېشىغا ئۆتكۈزمەيمىز! — دېيىشتى. خالدار

پالۋان:

— ئانداق بولسا مەن خېتىمنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئارقىسىغا ياندى. بېرىپ بايىقى ساندۇق بىلەن باشنى ئاتقا ئارتىپ كەلدى. قاراۋۇللار بۇنى كورۇپ:

— بۇ كىمنىڭ بېشى؟ بىز بۇنداق باشنى كورمىگەن ئىدۇق، — دېيىشتى. ئۇلار خالدارنى گور ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئىمىر گور ئوغلى بۇنى كورۇپ:

— رەخمەت ساڭا ئەي خالدار، — دېدى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئەي پالۋانلار بۇ باشنى سىلەر بىلەمسىلەر؟ بۇ كىمنىڭ بېشى؟! — دەپ سورىدى، تورغانلارنىڭ ھەممىسى:

— بىز بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

گور ئوغلى ئۇلارغا:

— بۇ باشنى بەگ ھاۋازخاننىڭ چېدىرىغا ئېلىپ بېرىپ كورسىتىڭلار! — دېدى.

بەگ ھاۋازخاننىڭ ئوڭ يېنىغا ئوق تەككەن ئىدى، ئۇ چېدىردا داۋالىنىپ ياتاتتى. قاراۋۇللار خالداردىن باشنى ئېلىپ كېلىپ بەگ ھاۋازخانغا كورسەتتى. بۇلار بىلەن بىللە گور ئوغلىمۇ كەلگەن ئىدى، بەگ ھاۋازخان گور ئوغلى بىلەن باشنى كورۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن ئەي ئاتا! بۇ كاللا شاختار دىگەننىڭ بېشى، — دېدى، گور ئوغلى باشلىق ھەممىسى خوش بولۇپ:

— رەخمەت ساڭا خالدار پالۋان، بۇندىن كېيىن قانداق دەۋلەت ۋە راھەت كورسەك بىللە كورەيلى! — دېيىشتى.

خالدار پالۋان ساندۇقنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، ساندۇق ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن 11 ياشلىق بىر قىز بالا:

— ۋاي دادا! — دەپ چىقتى. ئۇ قىزنى بىر چېدىرغا ئورۇنلاشتۇردى، گور ئوغلى ۋە بەگ ھاۋازنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئىشلاردىن روھلىنىپ، شاختارنىڭ لەشكەرلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى، ئۇلار بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەرگە قاراپ قاچتى، گور ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئەل بولغانلارنى قويدى، قارشى چىققانلارنى ئولتۇردى، شەھەرنى ئېلىپ بۇتخانىلارنى چاقتى، ئۇنىڭ ئورنىغا مەكتەپ — مەدرىس، مەسچىت بىنا قىلدۇردى. ناغرا ـ كاناي، سۇناي چالدۇردى. شەھەرگە ئوزىگە تەۋە كىشىلەردىن پادىشا قويدى، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن گور ئوغلى دوستلىرى ۋە ئوزىگە تەۋە قوشۇننى ئېلىپ شەھەرى چەمبىلگە قاراپ يولغا چىقتى، بۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، خالدار پالۋاننىڭ چېدىرىغا يېتىپ كېلىشتى، خالدار پالۋان گور ئوغلىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئاتتىن چۈشتى.

— بۇ مېنىڭ ماكانىم، بۇ يەردە 5 ـ 6 كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭسىلا! — دەپ چىڭ تۇردى.

گور ئوغلى ماقۇل بولۇپ، چېدىر بارگاھلىرىنى شۇ يەرگە تىكتى، ھەممىسى ئوز چېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتى. خالدار پالۋان ئۇلارغا قويلارنى سويۇپ، مېھمان قىلدى، خالدارنىڭ چېدىرىدا ئاغا يۇنۇس پەرى، زەينەپشاھ ئايىم، ئېلى خان، نۇرخان بار ئىدى، گور ئوغلى بۇ چېدىرغا كىرىپ كەلدى، ئۇ بۇ چېدىردا ئاغا يۇنۇس پەرى ۋە بەگ ھاۋازخاننىڭ بالىلىرىنى كورۇپ ھەيران قالدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى گور ئوغلىنى كورۇپ يىغلىدى، گور ئوغلىنى خىجىللىق باستى. خالدار پالۋان گور ئوغلىغا ئوزىنىڭ ئەھمەدخاننى شەھەرگە قايتۇرغانلىقىدىن باشلاپ بولۇپ ئوتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سوزلەپ بەردى.



گور ئوغلى خالدار پالۋاننىڭ ھەممىتىگە "ئاپىرىن" ئوقىدى ۋە:

ــ دۇنيادا نىمە تاپساق تەڭ كورىمىز! ــ دىدى، يېڭىۋاشتىن قول بېرىشىپ، تۇققان بولۇشتى. ئۇلار بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن ئايالىلارنى تەختى راۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھرى چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار چەمبىلگە يېتىپ كېلىشتى.

گور ئوغلىنىڭ ساق ـ سالامەت بەگ ھاۋاز-خان بىلەن يېتىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، شەھەر ئاھالىسى ئالدىغا چىقتى، گور ئوغلى بىلەن بەگ ھاۋازخاننى كورۇپ ئۇلار:

ــ ھارماڭ تورەم! ــ دىيىشتى.

گور ئوغلى، بەگ ھاۋازخان ئوز تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. گور ئوغلى تاغىسى ئەھ-مەدخانغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى زىندانىدىن ئالدۇردى، گور ئوغلى تاغىسىغا:

— ئەي ساقىلى ئاقىرىپ دىلى ئاقارمىغان تاغا، سەن مېنىڭ تاغام بولۇپ تۇرۇغلۇق بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قولۇڭ قانداق باردى؟ ئاياللارغا، شۇ نارسىدە باللارغا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟! مەن ئۆلۈپ كەتسەمغۇ خەيرىيات. مانا مۇنداق تىرىك كەلسەم مېنىڭ يۈزۈمگە قانداق قارايدىغانلىقىڭنى، سۆزۈمگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىدىغانلىقىڭنى ئويلاپمۇ كۆرمىدىڭمۇ؟! — دەپ سورىدى.

ئاپپاق ساقاللىق ئەھمەدخان قىلمىشىغا نادامەت قىلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

گور ئوغلى كوپچىلىككە قاراپ:

— ئەي شاھزادىلەر، پالۋانلار، باتۇرلار، ئەمىرلەر، جامائەت، تاغام ئەھمەدخاننىڭ قىلمىش گۇنايىغا قانداق قارايسىزلەر، بۇ كىشىنى نېمە قىلماق كېرەك؟! — دەپ سورىدى.

تاجدار شاھزادىلەر، ئوردا ئەھلى، جامائەت:

— ئەي ئەمىر گور ئوغلى، ئەھمەدخان سېنىڭ خوتۇنىڭغا ۋە كېلىن نەۋرەڭگە قانداق جاپا سالغان بولسا، بۇنىڭ ئۆزىگىمۇ شۇنى قىلىش لازىم! — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

گور ئوغلى تاغىسى ئەھمەدخاننى كوپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە خوتۇن - باللىرى بىلەن قوشۇپ، قايسى ئەلگە ۋە قايسى شەھەرگە كەتسەڭ كەت. كۆڭلىڭنى ئال! - دەپ چەمبىلدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئىشى "كىشىگە سانساڭ ئۆزگە، قاشقا سانساڭ كۆزگە" دىگەندەك ئاخىرلاشتى.

بەگ ھاۋازخان چەمبىلگە كەلگەندىن كېيىن يۇرت ئىچى شۇنداق ئاۋات بولدىكى كىشى - كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى. 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىدى. ئۇنىڭ ھەر مىڭ كىشىسىگە بىر تاجدار شاھزادە ياكى پالۋاننى باشلىق قىلدى. ئىچى پۇشقاندا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر مەيخانا تەييارلىدى. ھەربى مەشغۇلاتلاردىن كېيىن ئۇ يىگىتلىرى بىلەن شاراپ ئىچەر بولسا، شۇ مەيخانىغا كېلەتتى.

مەيخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ شاراپ ئىچىدىغان ۋاقتىدا رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: يىگىتلەردىن بىرىسىنىڭ قولىدىن شاراپ ئايىغى يەرگە چۈشۈپ كەتكىدەك بولسا، ياكى بىرەر قەترە مەي يەرگە تامسا، مەيخانىدىكىلەر شۇ يىگىتنى ئېيىپلاپ، مەسخىرە قىلاتتى. بەزىلىرىنى يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. بۇ يەردە ئورۇنسىز كۈلۈش، ئارتۇق بىرەر ئېغىز سۆز قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ ئېيىپ سانىلاتتى.

بۇ يەرگە يىغىلغان ئايخان، كۈنخان، بۆلبۆلخان، چىڭگىزخان، يۇلتۇزخان، ھەسەنخان قاتارلىق بارلىق تاجدارلارنىڭ ھەممىسى بەگ ھاۋازخاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىگە تەشنا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن گور ئوغلى باشلىق 7 ياشتىن 70 ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەگ ھاۋازخان ھەققىدە ياخشى تىلەك بىلەن دۇئا قىلاتتى. ھەممىسى ئادەمزات ئارىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن مانا شۇنداق پاكىزە زاتنىڭ بەختىنى تىلەيتتى. 14 يىل مانا شۇنداق خاتىرجەملىكتە ئۆتتى. بەگ ھاۋازنىڭ نامى گور ئوغلىنىڭكىدەكلا ئالەمگە تارقالدى.

بەگ ھاۋازخان چەمبىلگە سۇلتان بولۇپ ئۆمرىنى خوشال - خورام ئۆتكۈزدى. ئۇ 40 مىڭ يىگىتلىرى بىلەن كېچىلىرى خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقۇپ يىغلاپ تائەت - ئىبادەت قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا پىرى كامىللار نەزەر قىلىپ تۇراتتى

ئەمىر گور ئوغلى 120 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ناردەك قەددى پۈكۈلدى. ئۆز پۇشتىدىن تامىغان بىرەر پەرزەندىنىڭ يوقلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىدىن ياش تۆكۈلەتتى.

بىر كۈنىسى ئۇ ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئەي ئاغا يۇنۇس پەرى، سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن كېلىپ مېنىڭ ئەمرىمگە چۈشكەن ئىدىڭىز. مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن مەنمۇ بۇ پانى دۇنيادىن كېتىمەن. شۇ چاغدا سىز ماڭا قانداق قارىلىق تۇتىسىز ۋە نېمە دەپ يىغلايسىز؟ مەن سىزنىڭ شۇ چاغدىكى يىغىڭىزنى ھازىر ئۆز قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلاپ كېتەي، — دىدى.

ئۇ ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۆلۈكتەك بولۇپ ياتتى. ئۇنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى گور ئوغلىنىڭ ئوڭ يېنىغا، يەنە بىرى چەپ يېنىغا، ئۈچىنچى بىرى بېشىغا كېلىپ، گور ئوغلىنىڭ ئۈستىگە كىمخاپتىن يوپۇق ياپتى. چاچلىرىنى يايدى. ھەر بىرى نۆۋەت بىلەن تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقىدى:

ئاغا يۇنۇس پەرى:

10 يېشىمدا غارىلدىغان غار ئىدىڭ،<br>
30 ياشتا ئەسقەر تاغدا بار ئىدىڭ،<br>
كۆپ دۈشمەنگە ئۆچ بولۇپتەك دار ئىدىڭ،<br>
يېشىڭ سېنىڭ 120، قېرىدىڭ،<br>
بولۇت چايناپ مۇز پۈركىگەن سۇلتانىم.

گۈلنار پەرى:

تۇلپارىڭنى غەۋغالارغا ئۆگەتتىڭ،<br>
دورانىدا پىياس - ئارقان سۆرەتتىڭ،<br>
نەيزەڭ بىلەن قارا تاشنى تەۋرەتتىڭ،<br>
تاشنى تالقان قىلغان سېنىڭ غەيرىتىڭ،<br>
بولۇت چايناپ مۇز پۈركىگەن سۇلتانىم.

مىسقال پەرى:

دۈشمەنلەرگە تولا قىلدىڭ خۇرۇچنى،<br>
مەيداندا رۇستەمدەك قىلدىڭ ئۇرۇشنى.<br>
يىگىتلەرگە بەردىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنى،<br>
قىزىل قانغا بويۇدۇڭ تىللا قىلىچنى،<br>
دۈشمەنلەرنى قىرغىن قىلغان سۇلتانىم.

ئاغا يۇنۇس پەرى:

بۇ بىر سۆز بۇرۇندىن قالغان مىسالدۇر.<br>
40 خان بىردەك قەندى ئەسەلدۇر.<br>
ئىسپاتى، خالدار ھەمدە ھەسەندۇر،<br>
ياردەك غەيرەتلىك ئەرلەر تەمسىلدۇر،<br>
ئاتام ئېتىپ ئېلىپ قاچقان سۇلتانىم.

گۈلنار پەرى:

ئالدىڭدا چالدۇردۇڭ تىللادىن سازنى،<br>
لاچىنغا ئالدۇردۇڭ ئۆدەك ۋە غازنى.<br>
111 ياشقا كىرگەن ۋاقتىڭدا،<br>
ئېپ كەلدىڭ قاساپ ئوغلى ھاۋازنى،<br>
بوتىدەك بوزلۇتۇپ قاچقان سۇلتانىم.

مىسقال پەرى:

بۇخارانىڭ بىر تۇمانى رىگىستانى،<br>
تازا ماتا كەيگەن ئىكەن ئەرىستانى.<br>
پەرزەندىڭ ئويىن كۆرسەم گۈلۈستانى،<br>
ئۆزۈڭ سەن چەمبىل بەلىنىڭ بەگ سۇلتانى.<br>
دۇنيادىن پەرزەندسىز ئۆتكەن سۇلتانىم.

گور ئوغلى سۇلتان ئۇلاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بارىكاللا، مەن سىلەردىن مەڭگۈ رازى. ھەر ۋاقىت مېنى سىلەر شۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەسلەپ يىغلىغايسىزلەر،— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەيخانىغا يۈرۈپ كەتتى.

ھەسەنخان بىلەن بەگ ھاۋازخان ئىككىسىمۇ: "ئاتام ئانىلىرىمىزغا ئۆزىنى نىمە دەپ يىغلىتار ئىكىن" دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، سىرتتا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان ئىدى. پەرىزات ئانىلىرى گور ئوغلىغا مەرسىيە ئوقۇپ: "دۇنيادىن پەرزەندسىز ئۆتكەن سۇلتانىم" دەپ يىغلىغاندا ئۇلار بىر جايىدا تۇرالماي قالدى. بۇ سۆز ئۇلارغا ناھايىتى قاتتىق تەگدى. ئۇلار: "ھەي دەرىخ! كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆزەڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاك بول! دىگەن سۆز راست ئىكەن. بىز جان پىدا قىلىپ ئۆزىمىزنى "گور ئوغلىنىڭ ئوغلى" دىسەكمۇ، بۇلار بىزنى پەرزەندى قاتار-

دا كۆرمەيدىكەن.» دېيىشتى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. گور ئوغلىغا بىلىندۈرمەي ئۇلارمۇ مەيخانىغا كىرىپ كېتىشتى. گور ئوغلى مەيخانىغا بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. ئۇ، بۇ يەردە ئوغلى بەگ ھاۋازنى كۆرۈپ:

— كەل ئوغلۇم ھاۋازخان، دەۋرى غەنىيمەت. يىگىتلەرگە ئۆز قولۇڭ بىلەن شاراپ قۇيۇپ بەرگىن! — دېدى.

ھاۋازخان خاپىلىقىنى بىلىندۈرمەي يىگىتلەرگە شاراپ قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا بىر ئاياق قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، يىگىتلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ:

— بىز شۇنداق قىلساق، بەگ ھاۋازخان ئۈستىمىزدىكى تونلىرىمىز، ساۋۇتلىرىمىزنى سالدۇرۇپ ئېلىپ بىزنى گۇناكار قىلاتتى. ئەمدى ئۆزى بىر ئىشنى سادىر قىلدى. گور ئوغلى، بەگ ھاۋازخاننى بىزگە گۇناكار قىلىپ بەرسۇن! — دېيىشتى.

ئەمىر گور ئوغلى يىگىتلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلارغا قاراپ:

— بەگ ھاۋازنىڭ گۇناھىنى نىمە بىلەن يۇيۇشنى تىلەيسىزلەر، مانا مەن قىلىپ بېرەي! — دەپ تۆۋەندىكى ساقىنامىنى ئوقىدى:

چەمبىلدە مەن ئۆزەم ئەلگە داد - خان،
قادىر ئىگەم بەندىسىگە مېھرىبان.
ئوتتۇرىڭىزدا بېگىڭىز ھەم تورىڭىز بار،
گۇناكار بوپتۇ ئوغلۇم ھاۋازخان.

كېچە - كۈندۈز مەن ئاڭا بولدۇم ئىنتىزار،
گۇناكار بولۇشتا ئاياق سەۋەپكار.
40 يولبارس مەن ئېيتايىن سىلەرگە،
تۇيۇقسىز بولدى ئوغلۇم گۇناكار.

قاتاردىكى قۇشلار بىلەن نارىمنى،
يۈكلەپ بېرەي نار ئۈستىگە بارىمنى،
بەگ ھاۋازدىن ئايىمايمەن مالىمنى،
تىلەڭىزلەر بېرەي قولدا بارىمنى.

باھاردا ئېچىلغان غۇنچە گۈلۈمنى،
تورە قىلدىم ھاۋازخاندەك ئوغلۇمنى.
بەگ ھاۋازدىن ئايىماستىن بېرىمەن،
تىلەك مەندىن چەمبىل بەلدەك ئېلىمنى.

ئۆلمەسۇن، ياخشىلار ھەرگىز ئۆلمەسۇن.
ياخشى بەندە يامانلىقنى كۆرمەسۇن.
گورئوغلى دەر ھازىر بېرەي سىلەرگە،
تىلەك ئەمدى يۈرەك داغى قالمىسۇن.

گور ئوغلىنىڭ ئوقىغان نەزمىسىنى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. ئۇلارگور ئوغلىغا:

— ئەي سۇلتانىمىز، سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىز بىزلەرگە زادى كېرەك ئەمەس. بەگ ھاۋازخان ئۆز ئېلىدىن كەلگەندىن بېرى ئۆزى بىر يەرگە چىقمىدى. بەگ ھاۋازخاننىڭ خاپىلىقى كەتسۇن دېسىڭىز، سىز ئۇنى تۇلپار لەيلى قىرغا مىندۈرۈپ، قولىغا ئالغۇر شۇڭقاردىن بىرنى قوندۇرۇڭ. يېنىغا تەبلى (دۇمباق) دىن بىرنى باغلاڭ. ئۇ، چىقىپ بىزگە ئۆدەك كۆلىدىن شۇڭقارىغا 9 قاتار ئۆدەك ئالدۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسۇن! — دېدى. ئەمىر گور ئوغلى مىراخورنى يېنىغا قىچقاردى. ئۇنىڭغا:

— سەن بەگ ھاۋازخانغا تۇلپارنى توقۇپ بەرگىن! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

مەن ئېيتايىن سەن ئاڭلىغىن بۇ گەپنى،
خۇدايىم كۆتەرسۇن دىللاردىن دەردنى.
ھاۋازخان ئوغلۇم ئوۋغا چىقىدۇ،
مىراخور ئېلىپ كەل شۇ تۇلپار ئاتنى.

تۇلپارىمغا خۇدا بەرگەن ئەقلىنى،
ئۇ بىلىدۇ يامان ئادەم پەيلىنى،

ياراشقىدەك سېلىپ توقۇز زەرباپنى،
مىراخور توقۇپ كەل شۇ تۇلپار ئاتنى.

ئاتقا مىنىپ مەن قىلغانمەن ئەرلىكنى،
دۈشمەنلەرگە كورسەتكەنمەن زورلۇقنى.
يارىشۇر ساللاق ماۋۇت تەرلىكنى،
مىراخور توقۇپ كەل شۇ تۇلپار ئاتنى.

گور ئوغلىغا جىگەرنى خۇدا بەردى.
دەۋلىتىمدە نەچچە ئەللەر كوكەردى.
يارىشۇر توقۇساڭ تىللا ئىگەرنى،
مىراخور توقۇپ كەل شۇ تۇلپار ئاتنى.

مىراخور بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ بېرىپ 9 يەردىن ئېيىل تارتىپ تۇلپارغا ئالتۇن ئىگەرنى توقىدى. قۇشقىنىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇندىن قوبىا قويدى. ئالتۇن دۇمباقنى غانجۇغىسىغا باغلىدى. ئۇنى دېگەندىن ئارتۇق تەييارلاپ گور ئوغلىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

ئىمىر گور ئوغلى بەگ هاۋازخانغا شاهانە تون كەيگۈزدى، بېشىغا ئالتۇن تاج كەيگۈزدى. تۇلپارنى يېتىلەپ كېلىپ بەگ هاۋازنى مىندۈردى. كېيىن بالىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

كوزۇمگە ياش ئېلىپ قاتتىق ئاھ ئۇردۇم.
بەگ ئوغلۇمنى كامىل پىرغا تاپشۇردۇم.
هاۋاز ئوغلۇم يولۇڭ بولسۇن خان بالام،
مەن سېنى كەلگىچە ھەققە تاپشۇردۇم.

بۇندىن بېرىپ ئۇدەك كولنى كوزلىگىن،
شۇڭقارىڭنى قولغا ئالغىن تېزلىگىن.
ئەرتە قايتساڭ چۇش ۋاقتىنى كوزلىگىن،
هاۋاز ئوغلۇم سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

بىر نەسىھەت ساڭا ئېيتاي ئەمدى مەن،
ئەتراپىڭدا يۈرەر مېنىڭ كوپ دۈشمەن،
كورەر كوزۇم يالغۇز بالام سەندۇرسەن،
ئوغلۇمنى، تۇلپارىمنى ھەققە تاپشۇردۇم.

كىم كورۇنسە ئۇنىڭدىن هال سورىما،
جېنىم بالام ئەل يولىنى تورىما.
ياشلىق قىلىپ غەيرىتىڭگە قارىما،
جېنىم بالام سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

شۇڭقار دېگەن قۇشنى كوردۇم دۇنيادا،
ئات ئۈستىدە ھوكمۇم يۈردى ئىرادە،
ئەقلى باردۇر ئادەملەردىن زىيادە،
جېنىم بالام سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

يولۇقمىغىن بىنامازنىڭ قېشىغا،
شۇڭقارىڭنى سالما تاغنىڭ تېشىغا.
ئىگىسىز دەپ ئۇرما تۇلپار بېشىغا،
تۇلپارىمنى، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

قاتتىق قامچا ئۇرما ئاتنىڭ ئېتىگە،
قۇلاق سالغىن گور ئوغلىنىڭ گېپىگە.
هاۋاز ئوغلۇم مىندىڭ تۇلپار ئۈستىگە،
گور ئوغلى دەر، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

هاۋازخان گور ئوغلى سۇلتانىدىن پاتىھە ئېلىپ تۇلپارىنى مىندى. گىزدۇرلەپ يولغا چىقىپ ئۇدەك كولىگە يېتىپ باردى. كولگە قاراپ ئۇيان بېقىپ ـ بۇيان بېقىپ ئالتۇن دۇمباقنى چالدى. شۇڭقارنى قويۇپ بەردى، چاشكاغىچە ئۇنىڭ ئالغۇر شۇڭقارى 9 قاتار ئۇدەك ئېلىپ يېنىپ كەلدى. هاۋازخان ئۇدەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ چول بىلەن چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. يولدا بەگ هاۋازنى چىلىم خۇمارى تۇتتى. بېشى ئايلىنىپ ماڭالمىدى. بىر دوڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغان ئىدى، كوزىگە باغلىق دەرەخلىك بىر هويلا كورۈندى. تۇلپارىنىڭ بې-

شىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى. ئۇچقۇر تـۇلپار بىر دەمدىلا ئۇ ھويلا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بـۇ ھويلا گور ئوغلى چەمبىلدىن قوغلاپ چىقارغان تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ھويلىسى ئىدى. يېقىن كېلىپ ئىككى دەرۋازىنى كوردى. ئۇنىڭ بىرى چوڭ، يەنە بىرى كىچىك ئىدى. بـۇسۇغىسى ئالتۇندىن ئىدى. ئۇ، چـوڭ دەرۋازىدىن: "بۇ كىمنىڭ ھويلىسى؟" دەپ سوراي دىدى، "ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن" دەپ، ئارقىسىغا ياندى. كىچىك دەرۋازىدىن ھـويلىغا كىرىپ "چىلىم بارمىكىن؟" دەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئاستىمدا غەيرى ئېتىم يۇز ئالۋان،
تىللا قىلىچ بېشىمدا تاجى ھەم قالقان.
ئودەك كولىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
گور ئوغلى ئوغلىمەن ئىسمىم ھاۋازخان.

ياراشقان زەر كوكۇلام تارايمەن،
بۇ يەرلەرنىڭ ئوڭ ـ سولىغا قارايمەن.
ئودەك كولىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
بىر چىلىمنى شـۇ ھـويلىدىن سورايمەن.

باغ ئىچىدە تېز ئېچىلغان گۇل بارمۇ؟
بۇندىن باشقا يەنە بۇندا ئەل بارمۇ؟
ئودەك كولىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
بىر چىلىم بېرىدىغان بىرەر ئەل بارمۇ؟

بۇ سوزلەرنى ئېيتۇر بۇندا ھاۋازخان،
نەقىلسا قىلىدۇ ياراتقان مەۋلان.
ئودەك كولىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
ساۋاپ ئۇچۇن تېپىلارمۇ خالىس بىر ئىنسان.

بەگ ھاۋازنىڭ نەزمىسى توگۇشى بىلەن كىچىك دەرۋازىدىن بىر كېلىنچەك ئېتىلىپ چىقتى. بەگ ھاۋاز قارىسا بۇ قىز قارا كوزلۇك، شەردىن سوزلۇك، كىرپىكىگە زۇلپا سۇرمىسىنى سۇرگەن، يۇزى قۇياشتەك نۇرلۇق.

بۇ چوكاننى يۇگرۇپ چىقىپلا بەگ ھـاۋازنى كوردى، قارىسا بىر نـازىنىن بەرنا يىگىت يالۋۇرۇپ چىلىم سوراپ تۇرۇپتۇ. ئىككى مەڭزى يېڭى پىشقان ئالمىدەك، تۇرىشى ياش بالىدەك. بۇ چوكان بەگ ھاۋاز خاننىڭ نۇرلۇق جامالىنى كورۇپ ئاشىقى بىقارار بولدى. ئـوزىگە ئوزى: "مەن بۇنى بىرلا كورۇپ كويگەن ئىكەنمەن، جىنىمدىنمۇ تويغان ئىكەنمەن، ئەگەر يارىم بار دىسەم قىزىل گۇلدەك كورگەن ئىكەنمەن، ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىدىم دىسەم چۇشەكلەرگە چومگەن ئىكەنمەن، ئىلاھا مېنىڭ شورۇم قۇرىسۇن، مالغا ساتقان ئېلىم ۋە بېرىم قۇرىسۇن، ئاغزى بۇرنى دۇمباق ئېرىم قۇرىسۇن، بـۇنداق يىگىت بىلەن بىر كېچە ئويناپ كۇلگەن قىزنىڭ دىلىدا ئـەرمـانـى قـالـماس، ھـەر نـىمـە بولسا مەيلى، بىر ـ ئىككى ئېغىز سوزلۇشۇپ شەكەردەك تىلىدىن بەھرى ئالاي" دەپ بۇ نەزمنى ئېيتتى:

يۇرىگىمدە باردۇر مېنىڭ ئەجەپ بىر ئەرمان،
ئىش بولماس قۇدرەتلىك ھەقتىن بى پەرمان.
مېھمان يىگىت خوش كېلىپسىز بۇ يەرگە،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ بۇنى بېگى جان.

ئاي يۇزۇمگە ئاچچىغلىنىپ قارىماڭ،
قەھرى بىلەن كوكۇلنى تارىماڭ،
ئىزىڭىزدىن مەندەك ئايىم ئايلانسۇن،
چىلىم دىگەن يوقتۇر بىزدىن سورىماڭ.

بار بولغاندا بېرەر ئىدىم قولۇمدىن،
چىلىم تېپىلمايدۇ ئۇشبۇ ئېلىمدىن،

كوكۇلاڭدىن مەن ئايلىناي بېگىجان،
خوشال كېلىپ خوشال قايتقىن يولىڭدىن.

مالائىكىلەر تەسۋى ئوقۇر بېشى يوق،
بىزنىڭ ئەلنىڭ چىلىم بىلەن ئىشى يوق.
كېرەك بولسا ئاتتىن چۈشۈڭ بېگى جان،
ساڭا خىزمەت قىلىدىغان كىشى يوق.

سەن بۇ يەردە تۇرساڭ جاپا چېكەرسەن،
مەن بىلىمەن گور ئوغلىغا نوۋكەرسەن.
ساڭا خىزمەت قىلىدىغان كىشى يوق،
بۇ دەرگاھقا ئاتتىن چۈشۈپ كېتەرسەن.

مەن ئايلىناي، ئېيتىمىغان سوزۇم قالدىمۇ؟
بېشىمغا ھىجراننى ئىگەم سالدىمۇ؟
كېرەك بولسام ئاتتىن چۈشكىن توردىجان،
چىلىم سوراپ نازۇك بىلىك تالدىمۇ؟

بۇ سوزنى ئاڭلاپ بەگ ھاۋازخان خاپا بولدى. مۇساپىرلىغىغا ئاھ ئۇرۇپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇردى. بەگ ھاۋاز بىلەن سوزلەشكەن بۇ چوكان ئەھمەدخاننىڭ كېلىنى ئىدى. ئەھمەدخاننىڭ بىر قىزى بار ئىدى. يېشى 15 دە بولۇپ سۇ ئىچسە كانىيىدىن كورۇنەتتى. ئۇنىڭ يۈزى ئايدەك چىرايلىق ئىدى، ئۇ، يەڭگىسىنىڭ بەگ ھاۋازغا ئېيتقان سوزىنى ئاڭلىدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى بوتاكوز ئايىم ئىدى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ بەگ ھاۋازغا چىلىم بەرمىگەنلىگىگە ئېچىندى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالتۇن چىلىمنىڭ سەيخانىسىگە چوغ قويدى. چوڭ دەرۋازىدىن قاراپ ھاۋازخاننى كوردى. يۈرىگىگە ئوت تۇتاشتى. ئوزىنى تۇتۇپ ئېلىپ:
— كەل تورەم! — دەپ بۇ نەزمىنى ئېيتتى:

ئاستىڭىزدا بەدرى ئويىنار 100 ئالۋان،
يارىشىپتۇ ئاسقان قىلىچ ھەم قالقان،
بەدرى ئاتلىق تەبىلۋازلىق جان، تورەم،
چىلىم چەكسەڭ بېرەي كەلگىن بېگى جان.

مەن ئايلىناي سەندەك يىگىت بويىدىن،
كېلىپ تۇتقىن تىللا چىلىم تۇۋىدىن.
سىزنى ئەي بەگ قايسى جايدىن سورايمەن،
چىلىم سورىساڭ سورا ئوزىنىڭ جايىدىن.

ئەر يىگىت مەيداننى كورسە قايتالماس،
نۇر كورمىگەن ئەۋلىيانى تاپالماس.
چىلىم سورىساڭ سورا ئوزىنىڭ جايىدىن،
چىلىم دىگەن بىر ياماندىن تېپىلماس.

يامان بىلمەس ياخشىلارنىڭ قەدرىنى،
چەت جايلار بىلەمدۇ تاغنىڭ قەدرىنى.
"زەر قەدرىنى زەرگەر بىلەر" دىگەندەك،
ياخشى بىلۇر ياخشىلارنىڭ قەدرىنى.

باتۇر يىگىت مەيدان ئارا جانلانسۇن،
خۇدانىڭ دۇشمىنىنىڭ قولى باغلانسۇن.
چىلىم تارتساڭ بېرى كەلگىن بېگى جان،
كوكۇلاڭدىن مەندەك ئايىم ئايلانسۇن.

قىرىق قىز ئىچىدە مەن بىر ئوتاغا،
كەيگىنىم يىپەكتۇر ئالتۇن قاداغا.
چىلىم چەكسەڭ ھازىر كەلگىن جان تورەم،
بويىڭغا مەندەك جوراڭ ساداغا.

بەگ ھاۋازخان بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇردى، ئالتۇن چىلىمنى تارتىپ خۇماردىن چىقماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇنىڭ كوزى بوتاكوز ئايىمغا چۈشىشى بىلەن ھەيران بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا چىلىمنى تۇتۇپ قاراڭغۇ كېچىنى ئوزىنىڭ جامالى بىلەن يورۇتقىدەك چىرايلىق قىز تۇراتتى. بەگ ھاۋازخان ئۇنىڭ بويىنى، جامالىنى ئوزىگە مۇ-

ناسىپ كورۇپ:

— ئەي قىز، ئوز قولىڭىز بىلەن ماڭا بىر
چىلىم سېلىپ بېرىڭ! — دېدى.

بوتاكوز ئايىم ئات ئۈستىدىكى بۇ يىگىتنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قايىل بولدى. سوزى شەكەردەك، غورۇرلاي كوز كېلىشكەن يىگىتنىڭ ئوزىنىڭ قولىدىن چىلىم چېكىشكە مايىل ئەكەنلىگىنى بىلىپ ئەقلى بېشىدىن ئۇچتى، بەگ هاۋازنىڭ كوزىدىن بىر ئوت چىقىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تارقىدى. بەگ هاۋازخان قىزغا:

— سىز بۇ باغنىڭ گۈلى، بۇ يەرنى ياخشى بىلىسىز. كىم ياخشى، كىم يامان ئۇنىمۇ بىلىسىز، — دەپ چاقچاق ـ مۇتايىبە ئارىلاش بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

بەگ هاۋاز:

ئاشقان يېرىم ئەسقەر تاغى بىلىدەك.
قۇش ساالغىنىم بال ئودەكنىڭ كولىدەك.
مۇساپىرمەن بۇ يەرلەرنى بىلمەيمەن،
بۇ هويلىلار قايسى شاهنىڭ ئېلىدەك.

بوتاكوز:

كەلگەن يولۇڭ كاتتا كارۋان يولىدەك.
سەيلەتكىنىڭ بال ئودەكنىڭ كولىدەك.
مېنىڭ ئېتىم بوتاكوزدۇر سورساڭ،
بۇ هويلىلار ئەھمەد سەردار ئېلىدەك.

بەگ هاۋاز:

سۇ يېيىلسا ئىگىز تاغلار نەم بولۇر،
سەندەك ئايىم بۇ يەرلەردە كەم بولۇر،
ئەۋۋەل سوراپ ئاندىن بىلەي دەن بۇنى،
ئەھمەد سەردار دېگەن ئادەم كىم بولۇر؟

بوتا كوز:

بېشىدادۇر ئىككى زەرلىك چىپاسى،
ئۇنى سورساڭ مۇشۇ ئەلنىڭ ئاغاسى.
40 مىڭ ئويلۇك بۇندا بىزگە قارايدۇ،
ئۇنىڭ ئوزى گور ئوغلىنىڭ تاغاسى.

بەگ هاۋاز:

بىر ياخشىنىڭ سوزىنى سەن سوزلەيسەن،
جاندىن ئېزىز بەلكى ئىككى كوزىسەن.
ئەمدى سوراي سەن ئوزەڭنىڭ زاتىنى،
بۇ جايلاردا قايسى شاهنىڭ قىزى سەن؟

بوتا كوز:

سوزلىسە ئاغزىدا شېرىن سوزىمەن،
كورۇپ تۇرغان بەلكى ئىككى كوزىمەن.
مېنىڭ ئىسمىم بوتا كوزدۇر سورساڭ،
نەسلىم سورساڭ ئەھمەد سەردار قىزىمەن.

بەگ هاۋاز:

تۇتىيادەك ئىزىڭنى ئەيلەيىن تاۋاپ،
سېنىڭدەك ياخشىنى سويمەگىلىك ساۋاپ.
يالغۇزمۇ سەن يارىڭ بارمۇ بوتاكوز؟
بۇ سوزۇمگە هەم ئويالماي بەر جاۋاپ.

بوتا كوز:

بىر يار ئىزلەپ كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزارمەن،
نى سەۋەپتىن تەھقىق ئەيلەپ سورارسەن؟
ئاتام بەرمەس سەندەك ياخشى بەگلەرگە.
هالىم سورساڭ هازىر ئوزەم يالغۇزمەن.

بەگ هاۋاز:

ئېيتقان سوزگە ياخشى كىشى كونەرمۇ؟
ئاتاڭ جاھىل ياخشى سوزگە كىرەرمۇ؟
بويۇڭغا باراۋەر ئالتۇن ـ زەر بەرسەم،
سېنى ماڭا ئەھمەد سەردار بېرەرمۇ؟

بوتا كوز:

مېنىڭ ئاتام دۇنيا مالىن ئويلىماس،
دۇنيا سوزىن ھەرگىز ئەسلا سوزلىمەس.
كىملا كەلسە تىگىن ئوبدان سورايدۇ،
ئەسلى زاتلىق بولمىسا قوبۇل ئەيلىمەس.

بەگ هاۋاز:

مال بېرىمەن تىرىكمەن ساڭا ئېلىمدىن،
ئولمەسەم قۇچاي غۇنچە بېلىڭدىن.
خۇمار بولدۇم سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭگە،
بىر كېلىپ چىلىم بەرگىن چېكەي قولۇڭدىن.

بوتا كوز:

ئوزەڭ كىمسەن مال يىغارسەن ئېلىمدىن،
يولاۋچىسەن چىقارمىغىن يولۇمدىن.
تېزراق كەتكىن ئەمدى بۇ يەردە تۇرماي،
يۈرگىن كەتكىن چىلىم چەكتىڭ قولۇمدىن.

بەگ هاۋاز:

يىغارمەن بېرىپ تۈركمەن ئېلىمنى،
راست ئېيتقىن جانىم ئالدىڭ دىلىمنى.
ماڭا كوكۇل بېرەرسەندۇ بوتاكوز،
تارتا ـ تارتا سوزلە ئەمدى تىلىڭنى.

بوتا كوز:

ئويلىسام سەن ئوزەڭ باغرى داغلىسەن،
جانىۇ ـ دىلىدىن بىرسىگە ئوزەڭ باغلىسەن.
سەندەك بەرنا بىزنىڭ ئەلدە يوق ئىدى،
چەمبىل بەلدە قايسى بەگنىڭ ئوغلى سەن؟

بەگ هاۋاز:

باھاردا ئېچىلغان باغنىڭ گۇلى مەن،
سوزلەر بولسام ئەل ئاغزىنىڭ سوزىمەن.
ئەسلىم سورساڭ مېنىڭ ئېتىم بەگ هاۋاز،
ئوزەم بىلسەڭ گور ئوغلى بەگ ئوغلى مەن.

بوتا كوز:

ئىشىتكەنمەن باغلارنىڭ قىزىل گۇلى سەن.
هالا هازىر بالىسىزنىڭ ئوغلىسەن.
راستىمنى ئېيتاي ساڭا مەن ئەمدى،
ئاچچىغلىسام بىر بايتالنىڭ قولىسەن.

بەگ هاۋاز:

بوتا كوز دەر بىلدىم سېنىڭ ئوزەڭنى،
ئاچچىغلىسام ئويۇدۇرمەن كوزۇڭنى.
تىلىڭنى تاتىۋراق سوزلە بوتا كوز،
ئولىمىسەم ئالۇرمەن سېنىڭ ئوزۇڭنى.

بوتا كوز:

يۈرگەن يولۇڭ ئەسقەر تاغنىڭ بېلى دەپ،
چەمبىلگە قارىغان ياۋمەت ئېلى دەپ.
مەن ئىشىتتىم، يۈرت ئېيتىدۇ سەنلەرنى،
هاۋاز، ھەسەن گور ئوغلىنىڭ "قولى" دەپ.

بەگ ھاۋاز:

ئېرىسۇن تاغلار قارى ئېرىسۇن،
ھەر بەندە ئالغىنى بىلەن خورسۇن.
قۇل بولسامۇ ئەگەر سېنى ئالمىسام،
چەمبىل بەلدە ھاۋاز ئېتىم قۇرۇسۇن.

بوتا كوز:

ياخشى يىگىت سوزلەۋەردىڭ تازىما،
ئايىمىغىن بۇ سوزۇمگە قارىما.
تۇرما بۇندا ئەمدى كەتكىن بەدىرەك قۇل،
قولۇڭدىن كەلگەننى قىلغىن ئايىما.

بەگ ھاۋاز:

تازا چولدە ھېرىپ - ئېچىپ قالمىسام.
چەمبىلگە بارغاندا غەۋغا سالمىسام.
بەگ ھاۋازخان دىگەن ئېتىم قۇرۇسۇن،
ئېرە گەشتىم ئەمدى سېنى ئالمىسام.

بوتا كوز:

ئالمىدەك ئېچىلغان يۈزۈم نەقىشىدەك،
چىچەك بەرگەن سازەندىلەر باخشىدەك.
سەندەك قۇلغا تەككىنىمچە ئەي ھاۋاز،
قاداق بولۇپ ئولگۈنۈم مىڭ ياخشىدەك.

بەگ ھاۋاز:

بۇندىن بېرىپ يەنە قايتىپ كەلمىسەم،
ئەھۋالىڭنى ئاندىن يەنە كورمىسەم.
چەمبىل بەلدە يىگىت ئېتىم قۇرۇسۇن،
يىگىتلەرگە چىلىم سالغۇچ قىلمىسام.

بوتا كوز:

بىر - بىر ئاڭلاپ بوتا كوزنىڭ تىلىنى،
سەيرى قىلدىڭ تەكياۋەت ئېلىنى.
گور ئوغلىنىڭ ئوز بالىسى بولغاندا،
تىلىگىنىچە بېرەر مەندەك قىزىنى.

بەگ ھاۋاز بىلەن ئەھمەد سەردارنىڭ قىزى بوتا كوز مانا شۇنداق تەنە ئېيتىشىپ تەگىشىپ قالدى. بەگ ھاۋاز قىزنىڭ سوزىنى قاتتىق ھار ئېلىپ كوزىگە ياش ئالدى. ئۇ، ئوزىگە - ئوزى: "ھەي دەرىخ! كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە ئوزەڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاك بولغان ياخشى ئىكەن. مەن ئوزەمنى گور ئوغلىنىڭ ئوغلى دىگىنىم بىلەن ئوزگىلەر مېنى گور ئوغلىنىڭ قۇلى دەيدىكەن. مەن يۇرتۇمدا ھېچ كىشىگە مۇھتاج ئەمەس ئىدىم. خۇنخار شاھنىڭ ئەتىۋارلىق مەھرىمى ئىدىم. بۇ يەردە مەن ئۇنىڭدىن ياخشىراق مەرتىۋىدە بولسامۇ، كىشىلەر ھامان ماڭا يامان كوز بىلەن قاراپ يامان نام بىلەن ئاتايدىكەن. بۇ يەردە تۇرغىچە ئوز يۇرتۇمغا كېتەي" دەپ تۇلپارغا قاچا سالدى. "ئانا يۇرتۇم نەدە سەن؟" دەپ بىر ئىككى سايدىن ئاشتى. بارا - بارا ئۇنىڭ كوڭلىدە سەۋرى - تاقەت تۇيغۇلىرى ئويغاندى. ئۇ: "بۇ ئىش ماڭا لازىم ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ قىز بىلەن مۇنداق سوزلەشكىنىمنى 40 مىڭ يىگىت نەدىن بىلسۇن؟ بارچىسى بەگ ھاۋازخان نامەرت ئىكەن. گور ئوغلىنىڭ تۇلپارىنى مىنىپ ئۇنى ئالداپ قېچىپ كەتتى دەپ ماڭا مالامەت قىلۇر. مەن ئۇنداق مالامەتنى ئەسلا كوتىرەلمەيمەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن قايتىپ چەمبىلگە باراي. گور ئوغلىغا ئەھمەد سەردارنىڭ قىزىنى ماڭا ئېلىپ بەر-

كەن دەي. ئېلىپ بەرسە بەردى، بەرمىسە كۆنانى گور ئوغلىغا ئارتىپ قويۇپ ئاندىن مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي. ئۇ چاغدا ھېچ كىم مېنى مالامەت قىلمايدۇ. ئەگەر گور ئوغلى بوتا كۆزنى ئېلىپ بەرسە، بېشىغا قارا قالپاق، ئۈستىگە قارا بوياق ماتا، ئايىغىغا چورۇق كەيگۈزۈپ يىگىتلەرگە چىلىم سالغۇچى قىلاي" دەپ كۆڭلى يېرىم ھالدا چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش تۇلپارنىڭ يايلىغا توختىماي چۈشۈپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە ئۇ چەمبىلگە قايتىمىدى. گور ئوغلى سۇلتان ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى چەمبىلنىڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ ئۇنى كۈتكەن ئىدى. بەگ ھاۋاز خان كەلمىگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆردىسىغا ياندى. ئاغا يۈنۈس پەرى باشلىق ئۇنىڭ ئانىلىرى زەينەپشاھ ئايىمىنى ئېلىپ ئوردا سېپىلىنىڭ كۈنگۈرىسىدىن ئۇنىڭ يولىغا قارىدى. گور ئوغلى نامازدىگەر بولغاندا يىگىتلىرىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئۆدەك كۆلى چەمبىل بىلەن بىرۇممەت،
40 يىگىت مەخشىدىنى سەن ئىشىت.
چاشكا بىلەن كەلمەكچىدى بەگ ھاۋاز،
نىمە بولدى كەلمەس قوزام ھەي ئىشىت.

يەتمىدى ماڭا شۇ دەم بىر ئۆلۈم،
بەگ ھاۋاز ئىدى مېنىڭ جان دىلىم.
كۆرەلمەنمۇ قاراڭنى بىر قۇرغۇيۇم،
نىمە بولدى كەلمەس قوزام سەن ئىشىت.

ھىجران ئوتى يۈرەك باغرىم داغلاتتى،
جۇدالىق ئازاۋى بەلنى باغلاتتى،
سېغىندۇرۇپ مېنى تولا يىغلاتتى.
نىمە بولدى كەلمەس قوزام سەن ئىشىت.

بەگ ھاۋازخان ئىگىز تاغدىن ئاشتىمۇ؟
دۈشمەن كۆرۈپ ئەقىللىرى شاشتىمۇ؟
ياكى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى قاشتىمۇ؟
نىمە بولدى كەلمەس قوزام سەن ئىشىت.

ياخشى ئۈممەت گور ئوغلىنىڭ سۆزلىرى،
تېپىلمايدۇ، ھاۋازخاننىڭ ئىزلىرى.
يا تەگدىمۇ بىر يامانىنىڭ كۆزلىرى،
نىمە بولدى كەلمەس قوزام سەن ئىشىت.

گور ئوغلى نەزمىنى تۈگىتىپ تۇراتتى. يىراقتىن بەگ ھاۋاز خاننىڭ قارىسى كۆرۈندى. يېقىن كەلگەندە بەگ ھاۋازنىڭ كۆڭلىنىڭ بىئارامىلىقى بىلىندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ھېلىمۇ تامچە ـ تامچە ياش ئۈزۈلمەي تۇلپارنىڭ يايلىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ، يېتىپ كەلگەندە ھەممە يىگىتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سالام قىلدى ۋە:

— ھارماڭ تورەم! — دەپ ئەھۋال سورىدى. بەگ ھاۋاز ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا جاۋاپ بەرمىدى. گور ئوغلى سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، نىمە سەۋەپتىن شۇنچە كېچىكىپ قالدىڭ؟! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

بېغىم ئىچرە تازا گۈلۈم،
سۆزلىسەم سەن مېنىڭ تىلىم.
بەلكى مېنىڭ جانۇ دىلىم،
نىمىگە يىغلاپ كەلمىدىڭ؟

(داۋامى بار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق

# قەدىمقى چاغدىكى قوشاقلار ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

تۇرغۇن ئالماس

## قوشاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان قوشاقلار، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەت ياكى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گوركى: "خەلق ئېغىز ئىجادىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقى تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس" ① دېگەن ئىدى.

قوشاقلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشتە، ئەلۋەتتە ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئازراق توختىلىش لازىم.

ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىياتىنى ياراتقان. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىن-بىر شەكلى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاتىسى.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشى ئومۇملاشقان ھالدا بولغان. ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، يالغۇز-يالغۇز ھالدا ئەمەس، ئومۇملاشقان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان، ئەمگەك كۆپچىلىكنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىنى، يەنى ئالماشتۇرۇشىنى زورۇر تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر قەدەممۇ-قەدەم ئاددى ئاۋاز چىقىرىشتىن مۇرەككەپرەك ئاۋاز چىقىرىشقا مۇھتاج بولۇشقان. بۇ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىلى ئىدى.

ئادەملەر مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تىلىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، ئەدەبىياتنىڭ تۇغۇلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئەمگەك قىلغان چاغلىرىدا ئەمگەكتە بىر تۇتاش ھەركەت قىلىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش، ھارغىنلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئەمگەكتىكى ھەركەت رىتىملىرىغا ئەگىشىپ، رىتىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىشقان. بۇ خىلدىكى ئاۋاز ئەڭ دەسلەپتىكى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ توغرىدىن-توغرا، ھەقىقى ھالدا، شۇ چاغدىكى ئەمگەك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ئىندىۋى ھېسسىياتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئەڭ قە-

① گوركى — «ئەدەبىيات ھەققىدە»

دىمقى چاغدا (باشلانغۇچ جەمئىيەتتە) قوشاق، ئۇسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى، ئەدەبىياتنىڭ ئەمگەكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات، ئەمگەكتىكى ئاۋاز بولۇپ، ئەمگەكنىڭ ئۆزى رىتىملىق بولاتتى. ئادەملەرنىڭ رىتىملىق ھەركەتلىرىمۇ ئۇسۇلنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى چاغدىكى قوشاق، ئۇسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەك ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەك رىتىملىرىغا ماس كەلگەن. ئەمگەكتىكى رىتىملىق ھەركەت بىلەن رىتىملىق ئاۋاز بولسا، بىرلا ۋاقىتتا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. دەسلەپكى ئەدەبىياتمۇ ئەمگەك جەريانىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئاساسەن، قوشاق بىلەن ئەپسانىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمگەكتىكى رىتىمغا ئەگىشىپ ئېيتىلغانلىرى قوشاق، خىيالى توقۇلغانلىرى ئەپسانە بولۇپ، بۇ ئەدەبىياتتىكى نەسرى تۈرنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا شۇلار (قوشاق بىلەن ئەپسانە) ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن ئىجادىيەت.

پىلىپخانوۋ: «يەنە دەسلەپكى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى ھەققىدە» ناملىق بىر ماقالىسىدا: قەدىمقى چاغدىكى ئوۋچىلار ئۇسۇلىنىڭ ئىجات قىلىنىشى، ئوۋ جەريانىدا ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىت (دوراش) قىلىشتىن كېلىپ چىققان دەپ تونىغان. بۇ ھوكۇم شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەگەر ئەڭ قەدىمقى چاغدا، ئادەملەر ئۆزى ئوۋ قىلىش ئەمگىكىگە قاتناشمىغان بولسا ئوۋچىلار ئۇسۇلىنى يارىتىشى زادى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھاياتىنىڭ خىلمۇ - خىل، مۇرەككەپلىكى، قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ھەم تۈرلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا قوشاقلار، ئەمگەك قوشاقلىرى (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئوخشاش)، مۇراسىم قوشاقلىرى (توي، ئۆلۈم - يىتىملەردە ئېيتىلىدىغان قوشاقلار)، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بولىنىدۇ.

ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھەقىقى چىن مۇھەببەت ۋە ساداقەتنى ئىپادىلەيدىغان، تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلارمۇ ناھايىتى كۆپ، بۇنداق قوشاقلاردا ئىنسانى پەزىلەت، ئار - نومۇس، مەرتلىك، غەيرەت، ئەدەپ ۋە ئادىمىگەرچىلىك تەرغىپ قىلىنغان.

مەن يۇقۇرىدا قوشاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۇتۇق، ئۇزە بولسىمۇ بىر ئاز توختالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشاقلارنىڭ تۈرلىرىگىمۇ مىسال كەلتۈردۈم. چۈنكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قانچە يولداشلار ژورنال، گېزىتلەرگە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى قەدىمقى قوشاقلار ھەققىدە يازغان ماقالىلاردا، قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر ئۇچۇق، تەپسىلى چۈشەنچىلەرنى بەردى. شۇڭا، مەن بۇنى يەنە تەكرارلاشنى خالىماي، ھېلىغىچە جامائەتكە ئانچە مەلۇم بولمىغان، بەزىلىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كىمۇ كىرمىگەن قەدىمقى چاغدىكى قوشاقلار ھەققىدە توختالماقچىمەن.

# ھونلار ھەققىدە قوشاقلار

ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلارنى ئاساسەن، ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلار ھەققىدە توقۇغان قوشاقلار، يەنە بىرى ھونلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇغان قوشاقلار.

ھونلار، جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمقى تارىخىي يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تارىخنامە» سىنىڭ «باش پادىشانىڭ تەرجىمھالى» دىگەن بابىدا: خۇاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىغى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. خۇاڭدى بولسا، جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ ئورۇغچىلىق جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەپسانىۋى خان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇندىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىگى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلارنىڭ ناھايىتى قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ، جۇڭگوغا خەۋپ سېلىپ كەلگەنلىگى مەلۇم.

ھونلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن شاڭ خانلىغى (مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاققىچە ھۆكۈم سۈرگەن - ئا) زامانىغا كەلگەندە كۆچىيىشكە باشلىغان بولسا، غەربىي جۇ خانلىغى (مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 771 يىل بۇرۇنقى چاققىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىگە كەلگەندە خېلى قۇدرەتلىك كۆچكە ئايلانغان.

«تارىخنامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھونلار ھەر دائىم غەربىي جۇ خانلىغىنىڭ زىمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. كۇڭزىنىڭ (مىلادىدىن 551 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن 479 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) شاگىرتلىرى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى چاغدىكى قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلەپ قالدۇرۇپ كەتكەن «نەزمىنامە» دىكى بىر قوشاق مۇنداق:

ئۆي ماكاندىن، ئائىلىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،
دەھشەت سېلىپ كەلگەن ئەشۇ ھونلار دەستىدىن.
يۇردۇق كوچۇپ تىنماي دائىم تەنتىرەپ
ئامال تاپماي سەرسانلىقتا ھونلار ۋەھمىدىن.

بۇ قوشاقنى مىلادىدىن 10 ئەسىر بۇرۇن جۇ خانلىغى زامانىدا ئۆتكەن نامەلۇم بىر شائىر توقۇغان. مىلادىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن جۇشۈەن ۋاڭ (جۇ خانلىغىنىڭ خانلىرىدىن بىرى - ئا) ھونلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چېگرىسىغا قورغان سالدۇرغان ئىكەن. «نەزمىنامە» دە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق بار:

چۈشۈرۈپ بۇيرۇقنى ماڭا ئۇلۇغ خان،
شىمالىي چېگرىغا سالدۇردى قورغان.
ئاتاغلىق نەنجۇڭ ① غا بولدىغۇ نېسىپ
ھونلارنى قوغلاشقا بەرمەستىن ئامان.

يۇقۇرىدىكى ئىككى قوشاق خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھونلار ھەققىدە توقۇغان قوشاقلىرى.

ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ (مىلادىدىن 2000 يىللار ئىلگىرى) ھونلار ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە ھەم ئالتاي تاغ-

① نەنجۇڭ - غەربىي جۇ زامانىدا ئۆتكەن ئادەم

لەرنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايتتى.

«تارىخنامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھونلار دۆلىتى مىلادىيىدىن 1500 يىل بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 3500 يىل بۇرۇن) ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئۇ چاغدا خەنزۇ خەلقى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەددىچىن سېپىلىنى تېخى سالمىغان (سەددىچىن سېپىلى مىلادىيىدىن 5 ئەسىر بۇرۇن سېلىنىشقا باشلىغان) ئىدى.

شۇڭا خەنزۇ خەلقى سەددىچىن سېپىلىنى سالماستىن بۇرۇن (بولۇپمۇ جۇ خانلىقى زامانىدا) ۋە سالغاندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىلگىچە ھەر دائىم ھونلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، ناھايىتى ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

يۇقۇرىدىكى ئىككى قوشاقمۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ھونلار ئۆزى توقۇغان بىر قوشاق ھەققىدە توختىلىمەن:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى ① تاغىدىن،
ئاۋۇماس بوپ قالدى چارۋا مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى ② تاغىدىن،
مۇڭلۇنۇپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

قىنچىڭدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە
كەلتۈردى دەھشەتلىك جاپا-مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق مادارىدىن،
ئوقيانى تارتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت.

بۇ قوشاققا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ۋەقە مۇنداق:

ھون تەڭرىقۇتلۇغىنىڭ كۈچىيىشى، يېڭىدىن قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىغا ناھايىتى ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋشەن ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇ جاينى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەربى ۋالى خەن ۋاڭشىنىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنە ئىلگىرىلەپ شەنشىدىكى تەييۈەن، جىڭياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. مانا شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى ليۇباڭ (مىلادىيىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 195 يىل بۇرۇنقى چاققىچە پادىشا بولغان.) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى لوجىڭ، ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ليۇ باڭنى ئاگاھلاندۇردى. شۇ مەزگىلدە يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى خاراپ، بۆلۈنمە كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ، مەركىزى ھاكىمىيەت تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەن ئىدى. لېكىن ليۇ باڭ، لوجىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىۋارغا ئالماي ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. ئۆزى 320 مىڭ قوشۇنغا باش بولۇپ، ھونلارغا قارشى ماڭدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ ئاتلىق ھون قوشۇنلىرىنى قىنچىڭ شەھرى (ھازىرقى داتۇڭ شەھرى) نىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ليۇ باڭنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، بوكتۇرمىدە پايلاپ تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربى تاكتىكا جەھەتتە قويغان يوشۇرۇن تۇزىقىدىن قىلچە خەۋىرى يولمىغان ليۇباڭ 320 مىڭ پىيادە قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىندى. سىماچيەننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرقى

① تەڭرى تېغى — ھازىرقى چىلەنشەن تېغى.
② ئالچى تېغى — ھازىرقى يەن جىشەن تېغى.

تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل توروق ئاتلىق هونلار قورشاپ ئالغان ئىكەن. تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خەن قوشۇنلىرى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە تاس ـ ماس قالغان.

لىۋجىڭنىڭ گېپىگە كىرمەي هونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان لىۋباڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئوغرىنىڭ بېشى قاتقاندەك بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چېڭ پىڭ ئاتلىق ۋەزىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپقان. چېڭ پىڭ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (چوڭ بىكەسى) ئالدىغا ئوغۇرلۇقچە بېرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن بەرگەن. ئاندىن ئالچىدىن مۇھاسىرىنىڭ مەلۇم جايىدىن ئازراق يوچۇق ئېچىپ قويۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغان. ئالچى، باتۇر تەڭرىقۇتقا دەرهال ئارقىغا قايتىپ كېتىشنى، ئۇنداق بولمىغاندا، كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شامان تەڭرىسى نامى بىلەن تەڭرىقۇتنى قورقۇتقان. باتۇر تەڭرىقۇت ئالچىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، مۇھاسىرىنىڭ مەلۇم جايىنى بوشاتقان. لىۋباڭ شۇ جايدىن چىقىپ، قېچىپ كەتكەن. بەيدىڭ مۇھاسىرىسى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشقان. يۇقۇرىدىكى قوشاق بەيدىڭ مۇھاسىرىسى ھەققىدە توقۇلغان.

بۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي ئەھۋال مۇنداق: مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلگەندە، جۇڭگونىڭ ئەسلى تېررىتورىيىسىدە 7 دولەت پەيدا بولۇپ، بۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇرغان. شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان جۇڭگو تارىخچىلىرى، مانا شۇ يەتتە دولەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى "ئۇرۇش دولەتلىرى" دەپ ئاتىغان. "ئۇرۇش دولەتلىرى دەۋرى" مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇن باشلىنىپ، مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاققىچە بولغان 254 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ دەۋردىكى 7 دولەتنىڭ لۇ (سەندۇڭدا)، يەن (خېبېيدە)، جاۋ (سەنشىدە)، چىن (شەنشىدە) قاتارلىق توتى ئاساسەن خۇاڭخې ۋادىسىدا بولۇپ، هونلارنىڭ هۇجۇمىغا ئاسانلا يولۇقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، يەن، جاۋ، چىندىن ئىبارەت ئۈچ دولەت هونلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ شىمالى چېگرىسىغا سېپىل سېلىشقا كىرىشكەن. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

7 دولەتنىڭ ئۈچى بولسا ۋېي، چۇ، چىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئاساسەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا ئىدى.

مانا شۇ 7 دولەت ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. جۇڭگونىڭ ئۆز ئىچىدىكى جاڭجالدىن پايدىلىنىدىغان هونلار "ئۇرۇش دولەتلىرى" دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، چىن دولىتىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (هازىرقى شىئەن) نىڭ دەل شىمالىغا جايلاشقان ئوردوس يايلىقى (خېتاۋ) نى بېسىپ ئالدى. لېكىن ئەھۋالنىڭ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، چىن دولىتىنىڭ خاقانى يىن جېڭ (چىن سىخۇاڭ) خوشنا دولەتلەرگە هۇجۇم قىلىپ، مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلگەندە، لۇ، يەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، چى قاتارلىق 6 دولەتنى يوق قىلىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى.

چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن چىن تيەن ئاتلىق سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى هونلارغا قارشى ماڭدۇردى. بۇ چاغدا هون دولىتىنىڭ تەختىدە تۈمەن ئاتلىق تەڭرىقۇت ئولتۇراتتى.

چىن تيەن باشچىلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى تۇمەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردۇس يايلىقىنى ھونلاردىن تارتىۋالدى. چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن مېڭ تيەنگە يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇرۇنقى يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرى شىمالىي چېگرىغا سالدۇرغان سېپىللارنى بىر-بىرىگە چېتىشقا بۇيرىدى. مېڭ تيەن نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى ئىشلىتىپ، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سالدۇرغان سېپىللىرىنى بىر-بىرىگە چاتتى، مانا بۇ مەشھۇر سەددىچىن سېپىلى.

ئەپسۇسكى، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ دۆلىتىمۇ مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇن دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئاستىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن غەلىبە مېۋىسىگە ئىگە بولغان ليۇ باڭ تارىختا خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادى 220-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇردى.

دەل چىن سىخۇاڭ ئۆلگەن چاغدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن) تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت ھونلار تارىخىدا مىسالى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇنلاپ بايقال بويىدىكى ئۇيغۇرلار، ئېنساي بويلىرىدىكى قىرغىزلار، قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) نىڭ شەرقىدىكى تۇڭگۇسلار، كەڭسۇدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، كوكنور، تىبەتتىكى تىبەتلەر، ئالتايدىكى تۈركلەر، يەتتەسۇدىكى قاڭلىلار، كاسپىي دېڭىز بويىدىكى ئالانلارنى بويسۇندۇرۇپ شىمالىي بايقال، لېنىبا، ئېنسايغىچە، شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان بويلىرىغىچە، جەنۇبىي سەددىچىنگىچە، غەربىي جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە، غەربىي كاسپىي دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

ئىمپېراتور باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 204 يىل بۇرۇن ھازىرقى شەنشىنىڭ داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىدا، خەن گاۋزۇڭ (ليۇ باڭ) باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاپ ئېلىپ شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ھونلار ئوردۇس يايلىقىنى يېڭىپ ئېلىپ، پايتەخت چاڭئەنگە خەۋپ سېلىپ تۇردى. ئىمپېراتور باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بىكەسىگە (مەلىكىسىگە) نۇرغۇن ئالتۇن پارا بېرىپ، مۇھاسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان خەن گاۋزۇڭ ھون ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈزگەن شەرتنامىغا بىنائەن ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئالتۇن، تاۋار-دۇردۇن، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇندىن تاشقىرى ھون ئىمپېراتورلىرىغا خەن مەلىكىلىرىدىن ياتلىق قىلىپ، قۇدىلىشىش، قۇۋۇق (سەددىچىن قۇۋۇقلىرى) سودىسىنى (ھونلار بىلەن خەن سودىگەرلىرى ئارىسىدا) يولغا قويۇش ئارقىلىق ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش يولىنى تۇتتى. لېكىن ھونلار خالىغاندا شەرتنامىنى بۇزۇپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خەن سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى.

خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادى، ھەربى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزۇن مۇددەت پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن ۋۇدى ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاققىچە پادىشا بولغان-ئا) ھونلارغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشقا كىرىشكەن.

خەن ۋۇدى پادىشالىق قىلغان چاغدا، خەن
سۇلالىسى هونلارغا قارشى ئۈچ قېتىم ناهايىتى
دەهشەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.
بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىيىدىن
127 يىل بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىپ، خەن سۇلا-
لىسىنىڭ قوماندانى ۋېيچىڭ باشچىلىغىدىكى
بىر نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيادە قىسىملار-
دىن تەركىپ تاپقان خەن قوشۇنلىرى هونلار
بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئوردوس يايلىغى (خىتاۋ) نى
تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چاڭئەننىڭ هون-
لار خەۋپىگە ئۇچرىشى تۈگىتىلدى.
ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىيىدىن
121 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا
خەن سۇلالىسىنىڭ قوماندانى خوچۈبىڭ باش-
چىلىغىدىكى بىر نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيا-
دە قوشۇن هونلارنىڭ كەڭسۇدىكى (هازىرقى
گەنسۇ - ئا) تەڭرى تېغى (هازىرقى چىلەنشەن
تېغى - ئا) ۋە ئالچى تېغى (هازىرقى يەنجۇ-
شەن تېغى - ئا) ئەتەكلىرىدىكى يايلاقلارغا
بېسىپ كىرىپ، هونلارنى ئىككى قېتىم كەڭسۇ-
نىڭ شىمالىغا قوغلاپ بېرىپ، خېشى كارىدو-
رىنى هونلاردىن تارتىۋالغان. خېشى كارىدورى
بىر پارچە مۇنبەت يايلاقتىن ئىبارەت جاي
ئىدى. خەن سۇلالىسى هونلاردىن تارتىۋالغان
خېشى كارىدورىغا ئادەم كۆچۈرۈپ، بوز يەر
ئېچىپ، تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، شۇ جايلار-
دا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ۋۇۋېي، جاڭيې،
جۇچۈەن، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تە-
سىس قىلىپ، يەددىچىن سېپىلىنى غەرپكە
سوزۇپ هونلاردىن تارتىۋالغان جايلارنى سېپىلى-
نىڭ ئىچىگە ئالغان.
هونلار مانا شۇ خېشى كارىدورىدا تۇرغاندا،
ناهايىتى مۇهىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق
بىلەن رىيال هاياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى زىچ
بىرلەشتۈرۈلگەن.
قوشاقتا: "ئالچى تېغى" بىلەن "مۇڭلۇنۇپ
سارغايدى قىز - ئاياللىرىمىز" دېگەن قۇرنىڭ
باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناهايىتى چوڭقۇر
مەناغا ئىگە. چۈنكى هونلارنىڭ خوتۇن-
قىزلىرى قىزىل هەم سېرىققا مايىل بىر تۈر-
لۈك گۈلدىن ئەڭلىك ياساپ، چىرايىنى گۈزەل-
لەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈزىگە ئەڭلىك سۈركەشەت-
تى، هونلار مانا شۇ ئەڭلىكنى ئالچى (قىزىل-
چى) ئەڭلىكى دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك
هون ئىمپېراتورلىرىنىڭ رەسمى بىكەسى
(قەددىناس خانىشى) ئالچى دەپ ئاتىلاتتى.
هازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە
هازىرقى رۇس تىلىدىكى ئالى (قىزىل - ئا)
سوزى هونلار (تۈركلەر) نىڭ ئالچى سوزىدىن
كېلىپ چىققان ئىكەن.
هونلار ئالچى تېغىنىڭ قولدىن كېتىشىنى
هون خوتۇن - قىزلىرىنىڭ خۇددى ئەڭلىكتىن
ئايرىلىپ قالغانلىغىغا ئوخشۇتۇپ، بۇندىن كې-
يىن خوتۇن - قىزلىرىمىز چىرايى گۈزەل ئالچى
بولالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدى، دەپ هەس-
رەتلىنىگەن.

## ئالىپ ئەرتۇڭا هەققىدىكى قوشاقلار

مىلادىيىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ساق، ئىسكىت نامى بىلەن ئاتىلىدىغان
قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافرا-
سىياپ) نىڭ يېتەكچىلىگىدە بىر دۆلەت
قۇرغان ئىكەن. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا بۇ
دۆلەت مىلادىيىدىن 6 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن
تارتىپ مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىگىچە هۆكۈم
سۈرگەن.

تۇران خاقانى ئافراسىياپ ھەققىدىكى مەلۇماتلار، ئەڭ بۇرۇن ئاتەشپەرەستلەر — زەردەشتلەر (ئوتقا چوقۇنىدىغانلار) نىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «ئاۋىستا» دا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئافراسىياپنى تۇران پادىشاسى دەپ ئاتىغان. ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋى (مىلادىنىڭ 997 - يىلىدىن 1030 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان) نىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە يازغان «شاھنامە» دە تۇران خاقانى ئافراسىياپنىڭ ئىران پادىشاسى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ناھايىتى كوپ جايدا توختالغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر) دە ياشىغان ئىكەن. بۇ چاغدا، كۈچلۈك پارس ئىمپېرىيەسى (ئەھمانلار سۇلالىسى) ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن ئەھمانلار سۇلالىسىنىڭ شەھىنشاھى ياكى خىراۋ (مىلادىدىن 550 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇنقى چاققىچە شەھىنشاھ بولغان) ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىران تارىخىدا ئەھمانلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاققىچە ھوكۈم سۈرگەن - ئا) دەپ ئاتالغان پارس ئىمپېرىيەسىنى قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرگەن. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ پايتەختى سوزا شەھرى ئىدى.

ئالىپ ئەرتۇڭا ئىران پادىشاسى كايخىسراۋ بىلەن قىلغان بىر جېڭىدە (جەڭ ئەزەربەيجاندا بولغان) موكۇپ ياتقان ئىرانلىق بىر جەڭچىنىڭ ئاتقان ئوقيا سىدا ھالاك بولغان ئىكەن.

بىزنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرىمىز، ئوزىنىڭ قەيسەر خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) نىڭ ئولۈمىگە بېغىشلاپ توۋەندىكى قوشاقنى توقۇپ، ماتەم تۇتۇشقان.

بۇ قوشاقلارنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى ئەسلىسى مۇنداق:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئولدىمۇ.
ئىسىز ئاجۇن قالدىمۇ.
ئوزلەك ئوچىن ئالدىمۇ.
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بۇنى ھازىرقى جانلىق تىلىمىز بىلەن ئىپادىلەپ كورسەتسەك مۇنداق بولىدۇ:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئولدىمۇ.
يۈزسىز دۇنيا قالدىمۇ.
(ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ).
پەلەك ئوچىنى ئالدىمۇ.
ئەمدى يۈرەك تىلغۇنۇر.

ئەسلىسى:

ئولىشىپ ئەرەن بورلەيۇ.
يىرتىپ ياقا ئورلايۇ.
سىقىرىپ ئۇنى يورلايۇ.
سىختاپ كوزى ئورتۇلۇر.

ھازىرقى تىلىمىزدا ئوقۇلۇشى:

ئەل بورىدەك ھۇلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى.
پەريات چېكىپ داتلاشتى،
كوزلەر ياشقا قاپلىنۇر.

يۇقۇرىدىكى ئىككى كۇبلىت قوشاق ماتەم

قوشاقلىرىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ، ئۇ ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) قا بېغىشلانغان ئەڭ قەدىمقى قوشاق. بۇ مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن توقۇلغان.

ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار، ئافراسىياپنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەققىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ناھايىتى يۇقۇرى قىممەتكە ئىگە.

مەلىكە قوشىغى:

ئۆزاتتى يىراققا مېنى توققانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۈيسۈن خانىغا.

ئۆيلىرى يۇمۇلاق كىگىز ئۆتاۋكەن،
ئۇلارغا گوش، قېتىق تائام-ئوزۇقكەن.

ئورلەيدۇ يىغانىم ئۆينى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم.

«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەرپ ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۈيسۈن تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا «مەلىكە قوشىقى» ناملىق بۇ قوشاقنى مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۈيسۈن خانىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە شىجۈن توقۇغان.

ئۈيسۈنلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ، كۈچلۈك خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرى (ھازىرقى چىلەنشەن تاغلىرى - ئا) نىڭ ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن، مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن ئۈيسۈنلار بىلەن ئۇلارغا خوشنا بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈيسۈنلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، خانى نەندۇمىنى ئۆلتۈرگەن. ئۈيسۈنلار ياشاپ تۇرغان جايلار ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان. ئۈيسۈن خانلىقىنىڭ ئاھالىسى بولسا ھونلار پاناھىغا قېچىپ بارغان. شۇ مەزگىلدە ئۈيسۈن خانى نەندۇمىنىڭ بوۋاق ئوغلى لاجۇمىنى بوجۇ ئاتالىق ئۈيسۈن يابغۇسى ئېلىپ ھونلارنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان. لاجۇمى چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) نى ئۈيسۈنلارغا خان قىلىپ تەيىنلىگەن. ھونلار ياردىمىگە ئىگە بولغان ئۈيسۈنلار ئۆز ماكانىغا قايتىپ بارغان، لېكىن ئۈيسۈنلار مىلادىدىن 2 ئەسىر بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا يەنە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، غەرپكە قاراپ كۆچۈپ ھازىرقى ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

ھونلار بىلەن چىقىشالمىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ھونلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ (ئۇلۇغ ياۋچىلار خانىنى ھونلار ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالغان)، مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن كەڭسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىن كۆچۈپ، دەسلەپتە كۈچارغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇ يەردىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، ئۈيسۈنلارنى ياشاپ تۇرغان جايلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى جايلىشىۋالىدۇ. ئۈيسۈنلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن ھونلار ياردىمىنى ئېلىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئىلى ۋادىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئۆزلىرى شۇ جايغا مەھكەم جايلىشىۋالىدۇ. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ، ئىسسىق كۆل تەرەپكە سىلجىپ، قەشقەرگە ئۆتىدۇ. ئۇلار يەنە ئۇ يەردىمۇ تۇرالماستىن توخارىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا پايتەختىنى بەرپا قىلغان ئۇلۇغ ياۋچىلار تارىختا «توخارى-

تان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دۆلەتنى قۇردى. ئۇلۇغ ياۋچىلار كەنسۇدىن كۆچۈپ، تۇخارىستانغا كېلىپ ماكانلىشىپ دۆلەت قۇرغىچە بولغان ھەركەتلىرىگە ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياۋچىلار خانىنىڭ ئايالى باشچىلىق قىلغان.

تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، مىلادىيدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلارنىڭ ئاھالىسى 630 مىڭ بولۇپ، يۈز مىڭغا يېقىن ھەربىي قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى - جەنۇبىدىكى قىزىل قورغان ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن ۋۇدى مىلادىيدىن 133 يىل بۇرۇن ھونلارغا قارىتا قوللىنىپ كەلگەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، ئۇ ھونلارغا بولغان قاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. شۇنىڭغا بىنائەن خەن ۋۇدى جاڭچيەننىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇيسۇنلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خېشى كارىدوردىكى ئەسلى ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەش، خەن مەلىكىلىرىنى ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى (ھەربىي ئىستىراتېگىيە بويىچە قارىغاندا ئۇيسۇنلار ھونلارنىڭ ئوڭ قولى دەپ ھېسابلانغان) كېسىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. خەن ۋۇدى بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىلادىيدىن 115 يىل بۇرۇن جاڭ چيەننى ئۇيسۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. جاڭ چيەن باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئۇيسۇنلارغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى ئۇيسۇنلار باشتا ئانچە ياخشى قارشى ئالمايدۇ، ھەتتا ئۇيسۇن خانى ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى جاڭ چيەنگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىنمۇ تۇرمايدۇ. شۇ چاغدا جاڭچيەن ئەگەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرمىسە، سوۋغا - سالاملارنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيسۇن خانى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيسۇنلارنىڭ بەگلىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدۇ. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە ئۇيسۇنلارغا ھونلار ئىتتىپاقىدىن چىقىش، ئەسلى يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپ ماكانلىشىش، خەن مەلىكىلىرىگە ئۆيلىنىپ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر قويۇلىدۇ. ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، ھونلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ھەدىگەندە قويۇلغان تەلەپلەرگە قوشۇلمايدۇ. بۇ قېتىم جاڭچيەن مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.

شۇنداق بولىشىغا قارىماي خەن ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ چاڭئەنگە كەلگەن ئۇيسۇن ئەلچىلىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ "ئادىمى كۆپ، بايلىقى مول" لىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئۇيسۇن قۇمۇ (خانى) سىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىنى ئىززەتلەشكە باشلايدۇ. ئۆز ئارا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي بېرىپ كېلىپ تۇرۇشىدۇ. ئاخىرى ئۇيسۇنلار ھونلار ئىتتىپاقىدىن چىقىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىپ، ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىشكە بەل باغلايدۇ. ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، خەن ۋۇدى مىلادىيدىن 106 يىل بۇرۇن تۇققىنى ليۇچيەن ئاتلىق بەگنىڭ قىزى شىجۈننى ئۇيسۇن خانىغا

ياتلىق قىلىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە هون تەڭرىقۇتى، ئۇيسۇنلار تەڭرىقۇتى (مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇنقى چاققىچە تەڭرىقۇت بولغان - ئا) هون بىكەلىرىدىن (مەلىكىلىرىدىن) بىرىنى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

بۇ خىلدىكى قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى قەدىمقى چاغدىكى تارىخىي شارائىت بويىچە بىر خىل سىياسى مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. چەتئەل تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىنغان هون قىزى چوڭ مەلىكە بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى توقال ئورۇندا ئىدى.

مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە شىجۈن ئۆزىنىڭ سىياسى ۋەزىپىسىنى قىلچە تونىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە ئۇيسۇنلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى، ئۆرپ - ئادەتكە كونەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ياتسىراپ، مۇڭلۇنۇپ، قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە قالغان. بۇنى ئاز دىگەندەك ئۇيسۇن خانى قېرىپ قالغانلىقىدىن مەلىكە شىجۈننى نەۋرىسى قۇنشۇمىغا ياتلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. مەلىكە بۇنىڭغا رازى بولماي، ئەھۋالنى خەن ۋۇدىغا مەلۇم قىلىدۇ. خەن ۋۇدى ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ "بىرلىكتە هونلارنى يوقىتىش" نىشانىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلىكە شىجۈننى ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە بويسۇنۇشقا، قۇنشۇمىغا ياتلىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. مانا شۇنداق قىيىن هالغا چۈشۈپ قالغان مەلىكە شىجۈن گويا قۇش بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ كېتىشنى ئويلاپ، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان "مەلىكە قوشىقى" نى توقىغان. قۇنشۇمىغا ياتلىق بولغان مەلىكە شىجۈن بىر قىز تۇغۇپ، ئاز چەنئۇزۇن ئۇتمەيلا ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەلىكە شىجۈن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى مىلادىدىن 100 يىللار بۇرۇن ئۆز تۇققانلىرىنىڭ قىزىدىن جەيۇ ئاتلىق مەلىكىنى ئۇيسۇنلارغا ياتلىق قىلىدۇ. مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇن خانى ئۇنغۇمىغا ياتلىق بولىدۇ. مەلىكە ئۇنغۇمىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغىدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ تۇنجىسىنىڭ ئىسمى يانغۇمى ئىدى.

هونلار، مىلادىدىن 72 يىل بۇرۇن ئۇز ئىتتىپاقىدىن چىقىپ خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ ئاهالىسىدىن بىر قىسمىنى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئارقىدىنلا هونلار ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكىنى تۇتۇپ بېرىشنى، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە، خەن سۇلالىسى مەلىكە جەيۇنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان مەكتۇپىغا بىنائەن، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە قاراپ بەش يونىلىش بويىچە هۇجۇم باشلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن چىرىكچى چاڭخۇي ھەربى يارلىق تەمتىگىنى ئېلىپ ئۇيسۇن قوشۇنلىرىنى قوغداشقا كېلىدۇ. ئۇيسۇن خانى ئۇنغۇمى 50 مىڭ ئاتلىق ئۇيسۇن قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، غەرپتىن شەرققە قاراپ هونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىغا قاراشلىق جايلارغا (ماناستىن تارتىپ بارىكۆلگىچە بولغان جايلارغا) هۇجۇم قىلغان. شۇ چاغدىكى هون تەڭرىقۇت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 85 يىلدىن مىلادىدىن

بۇرۇنقى 68 يىلىغىچە تەگرىقۇت بولغان) خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بەش يونۇلۇش بويىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھون ئاھالىسىدىن ياشانغان ۋە كىچىك بالىلارنى ھەم چارۋا ماللارنى ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن (سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا يېقىن بولغان جايلاردىن) شىمالغا ئېلىپ كەتكەن. سەددىچىن سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىدىن ئۆتۈپ ھونلار تېررىتورىيىسى ئىچىگە خېلى ئىچكىرلەپ كىرگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ ئاساسى كۈچلىرىنى ئۇچرىتالماي، مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن غەرپ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان ئۇيسۇن قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىنى (ماناس بىلەن پۇكاڭ ئارىلىقىدا) ۋەيران قىلىپ، 40 مىڭ ئادەم ۋە 700 مىڭ چارۋا مال (ئات، كالا، توگە، قوي قاتارلىق) نى ھەيدەپ كەتكەن. شۇ يىلى قىش پەسلىدە غويانىدى تەگرىقۇت بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ئەسىر قىلىپ، نۇرغۇن چارۋا ماللارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتقان بولسىمۇ، يولدا كېتىۋاتقاندا قاتتىق قار يېغىپ، ئاھالە ۋە چارۋا ماللارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى مۇزلاپ ئۆلگەن.

ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇنلار ئېلىدە 50 يىلغىچە (مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاققىچە) تۇرغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۆزى ۋە ئۆز يېنىدىكى ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، خەن پادىشالىقى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان سىياسى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا ساداقەت بىلەن ئىشلىگەن. مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانى ئۇڭغۇمى خەن مەلىكىسى جەيۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى يانغۇمىنى ۋەلىئەھدى قىلىپ، ئۇنى خەن مەلىكىسىگە ئويلەندۇرمەكچى بولدى. بۇ ئىشتىن ناھايىتى خوشال بولغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن شۈەندى، مەلىكە جەيۇنىڭ ئۆكىسىنىڭ شاگىپۇ ئاتلىق قىزىنى مەلىكە قىلىپ، جىددى، پۇختا تەييارلىقلاردىن كېيىن (مەلىكە شاگىپۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چاڭئەندە مەلۇم مەزگىل ئۇيسۇن تىلى ۋە ئورپ - ئادەتلىرىنى ئۆگەنگەن) تېگىشلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن دۇڭخۇاڭغا يېتىپ كەلدى. لېكىن چېگرا قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئۇيسۇنلارغا ماڭىدىغان چاغدا، ئۇڭغۇمىنىڭ ئۆلگەنلىكى (مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاققىچە خان بولغان)، ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ يانغۇمىنىڭ ۋەلىئەھدىلىكىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەرھۇم قۇنشۇمىنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نى مىنى خان قىلغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. شۇ سەۋەپكە بىنائەن مەلىكە شاگىپۇ چاڭئەنگە قايتىپ كېتىدۇ. قۇنشۇمى، ئۇڭغۇمى قاتارلىق خانلارغا ياتلىق بولغان مەلىكە، نىمىيىمۇ ياتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن چىمىي ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇققان بولسىمۇ، مەلىكە نىمىي بىلەن چىقىشالمايدۇ. مەلىكە جەيۇ مىلادىدىن 55 يىل بۇرۇن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيسۇن خانى نىمىينى ئۆلتۈرۈش قەستىنى قىلىدۇ. جەيۇنىڭ نىمىينى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەيىنلىگەن ئادەملىرى خەنجەرنى دىگەن يېرىگە سالالمايدۇ. يارىدار بولۇپ، ئۆلمىگەن نىمىي ئۆزىگە سادىق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. نىمىينىڭ ئوغلى شىشىمۇ قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قىزىل قورغاندىكى مەلىكىنى ۋە سۇيىقەست پىلانلاشتا مەلىكىگە ياردەم بەرگەن ۋېي خۇيى، رېن چاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قورشىۋالىدۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن تۇتۇق ھىراۋۇل ۋې جىڭمى غەربى رايوندىكى بىر قانچە دولەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ

كېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ۋەقە خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىپ، ۋۇدى خۇيىي، ۋېن چاڭ قاتارلىقلار چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەلىكە جەيۇ سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بويىنىغا ئالمايدۇ.

مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن ئۇڭغۇمىنىڭ دون بەگىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت، نىمىيىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيسۇنلارغا خان بولغاندا، جەيۇنىڭ چوڭ ئوغلى يانغۇمىمۇ خانلىق تالىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاخىرى بىر پۈتۈن ئۇيسۇن دۆلىتى مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن ئىككىگە بولۇنۇپ كېتىدۇ.

خەن مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان يانغۇمى چوڭ قۇمۇ (چوڭ خان)، ئۇيغۇت كىچىك قۇمۇ بولۇپ، يانغۇمىغا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن 60 نەچچە مىڭ ئائىلە (350 مىڭ كىشى)، ئۇيغۇتقا 50 نەچچە مىڭ ئائىلە (290 مىڭ كىشى) قارايدۇ. بۇ ئىككى خان ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان جايلارنىڭ چېگرىسىمۇ ئېنىق ئاجرىتىلىدۇ.

مەلىكە جەيۇ چاڭئەنگە قايتقاندا يەتمىش ياشقا كىرگەن ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدۇ. يانغۇمىمۇ شۇ يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

مىلادىنىڭ 127 - يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىپلوماتىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلىدۇ. «ۋېي خانلىقى يىلنامىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيسۇنلار جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇيسۇنلار پايتەختىنى پامىر تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىنىڭ 437 - يىلى توبا خانلىقى (386 — 534) نىڭ خانى توباتاۋ ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇندىن كېيىن ئۇيسۇنلار تارىخىي يىلنامىلاردا ئانچە تىلغا ئېلىنمايدۇ.

ئۇيسۇن دېگەن مۇشۇ نام ھازىر قېرىنداش قازاق خەلقىنىڭ "چوڭ يۈز" دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قازاق مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە قانداشلىقى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان ھونلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، قاڭلىلار، ئالانلار قانداق رول ئوينىغان بولسا، ئۇيسۇنلارمۇ ئوخشاشلا ئۆز رولىنى ئوينىغان. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى قازاق مىللىتى — ھونلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، قاڭلىلار، ئالانلار، ئۇيسۇنلارنىڭ ئەۋلادى. خۇلاسە قىلغاندا، "مەلىكە قوشىقى" نىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى شۇنداق.

## قەدىمقى چاغدىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى

جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالى خانلىقلار دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 386 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە - ئا) مۇزىكا مەھكىمىسى توپلاپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە، شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ (قەدىمقى چاغ ۋە ئوتتۇرا چاغلاردا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ - ئا) قوشاقلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنداق بولۇشى قەدىمقى چاغلاردىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەدىپلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قوشاق توپلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا چاغنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خەنزۇ

ئەسىرلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەشتە ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىزرغۇنلىغان قوشاقلار يوقۇلۇپ كەتكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شىمالى خانلىقلارنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى» دا ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ بىر نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن بىرنىلا مىسال كەلتۈرىمەن.

### قالدىم ھەسرەت ئىچىدە ①

تولدى قەلبىم قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭساڭ ئەگەر سەپەرگە، ئات قامچىسى مەن بولاي.
قورغان تېمى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ.
بىللە تۇراي يىگىتىم، بىلەكلىرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا، بىر قىزنىڭ سويگەن يىگىتى سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا يالغۇز قېلىپ چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيدە قالغاندىن كۆرە، يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، يەنە مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلىگەن.

## بەگقۇلى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالى خانلىقلار تارىخى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقى ئۇيغۇرلار 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان:

"ۋاي كەلدى بەگقۇلى" دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
"بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلى سىمان".

3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلۇغ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن سىيانپىلاردىن توبا ناملىق بىر قەبىلە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى كوكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبى چوغاي تاغلىرى (ھازىرقى يىگىشەن تاغلىرى - ئا) نىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگەللەپ ئالدۇ. ئۇلار 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فىنچىنىڭ شەھىرى (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى - ئا) نى پايتەخت قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا شىمالى ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 386- يىلىدىن 534 - يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن - ئا) دەپ ئاتالغان دولەتنى قۇردى. خۇددى شۇ مەزگىلدە، كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولمىسىمۇ، ئاساسەن تۈركلەشكەن يەنە بىر خەلق جۇجانلار (ياۋروپا تارىخچىلىرى "ئاۋارلار" دەپ ئاتىشىدۇ - ئا) ھازىرقى موڭغۇلىيەدە باش كوتۇرىدۇ. 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقى ئۇيغۇرلار، يېڭىدىن باش كوتەرگەن توبالار ۋە جۇجانلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا قالدۇ. بۇ چاغدا، شەرقى ئۇيغۇرلار تېخى بىرلەشكەن كۈچلۈك دولەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار

① ماۋزۇنى مەن قويدۇم.

ئۇششاق بەگلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا خانلىرى بار ئىدى. شەرقى ئۇيغۇرلار، توبالار جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى تارتىپ تۇراتتى. توبالارنىڭ تۇنجى خانى توباغۇي مىلادىنىڭ 390 - يىللىرى ئۇرغۇن قوشۇن بىلەن شەرقى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بېسىپ باردى. توباغۇي شۇ قېتىمقى يۈرۈشتە، شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق چارۋا ماللارنى غەنىمەت ئالغان.

مىلادىنىڭ 400 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇجان خاقانى شىرۇن شەرقى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالدى. لېكىن شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگقۇلى ناھايىتى باتۇر خان بولۇپ، ئۇ جۇجانلارغىمۇ، توبالارغىمۇ بويسۇنماي، دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا جۇجانلار ئۈستىدىن غەلىبىمۇ قىلغان، ئۇ مىلادىنىڭ 405 - يىلى جۇجانلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، توبا خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەندە، توبالار خانى توباغۇي بەگقۇلىغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە قىلغان.

يۇقۇرىدىكى قوشاق مانا مۇشۇ بەگقۇلىنىڭ باتۇر، جەڭگىۋارلىقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، قەدىمقى چاغدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار باتۇر، جەڭگىۋار ئوغۇللىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى.

مىلادىنىڭ 429 - يىلى توبالار خانى توباتاۋ جۇجانلارنى تارمار قىلغان بولسا، 430 - يىلى شەرقى ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىدىن بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ، ھەيدەپ كەتكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر مىليونغا يېقىن چارۋا مال غەنىمەت ئالغان.

توبالار مىلادىنىڭ 471 - يىلى پايتەختىنى فىنچىڭدىن لوياڭغا يۆتكىگەن. ھوكۇمران تەبىقە فامىلىسىنى توبادىن "يۈەن" گە ئۆزگەرتكەن، ئىلگىرى - ئاخىر 140 يىل ھوكۇم سۈرگەن توبا خانلىقىنى قۇرغان توبالار ئاخىرى بېرىپ خەنزۇلىشىپ كەتكەن.

## تۇرا قوشىغى

خوغۇرسۇر ئالتۇن (487 - 567)

چۇغاينىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئۇيناپ، دولقۇنلاپ.
ئاسماننىڭ گۈمبىزى باركىسىمان،
تۇرىدۇ پايانسىز دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆك غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالىلار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا مال،
ئەسكەندە شاماللار ئوتلار ئەگسە باش.

"تۇرا قوشىغى" دا يايلاقتىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. چۇغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا ياپ - يېشىل ئىگىز ئۆسكەن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان چەكسىز يايلاقلار يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان، قەدىمقى چاغلاردا تۇرالار (ئۇيغۇرلار — ئا) شۇ يايلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقان. قوشاقتىكى تەسۋىردە توت تەرەپكە كۆز يەتمەيدىغان كەڭ يايلاق بىلەن ئاسماننىڭ

چېنى تۇتتۇشۇپ كەتكەن، كۆپ - كۆك ئاسمان گويا تەگدىشى يوق، ناھايىتى چوڭ. يۇپ - يۇمىلاق چېدىرغا ئوخشىتىلىپ بۇ چېدىرنىڭ پۈتۈن يايلاقنى قاپلاپ تۇرغانلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇتلا شاماللار ئەسكەندە (چىققاندا) يايلاق داۋالغۇپ، ئوتلار دولقۇنى ئۇپۇقنىڭ چېتىگىچە يامراپ بارىدۇ. ئوتلار دولقۇنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسەيگەندە، ئويرە - ئويرە بولۇپ ئوتلاۋاتقان ئاتلار، يايلاقنى قاپلاپ تۇرغان پادا - پادا كالىلار، قويلار كۆزگە چېلىقىدۇ. "تۇرا قوشىغى" نى كىشىلەر ئوقىغاندا، كەڭ پايانسىز يايلاقتا يايلاۋاتقان سان - ساناقسىز (چارۋا ماللار، ئاتلار، كالىلار، قويلار) كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېشىدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولغان چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ جانلىق مەنزىرىسىدۇر. "تۇرا قوشىغى"دا شەرقى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، چارۋىچىلىق ھاياتىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى كۆيلىگەن.

تۆۋەندە، "تۇرا" ئاتالغۇسى، "تۇرا قوشىغى" نىڭ يازغۇچىسى ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىمەن.

"تۇرا" ئاتالغۇسى بەزىدە شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسا، بەزىدە ئورتا چاغدا («سۇي سۇلالىسى تارىخى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا)، شەرقى قىدىرقان تاغلىرى ۋە (ھازىرقى خىنگان تاغلىرى) دىن تارتىپ (6 - ئەسىردە) غەرپتە قارا دېڭىز، دىنېپىر بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز بىپايان زېمىندا ياشىغان پۈتكۈل تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

خوغورسۇر ئالتۇن "تۇرا قوشىغى" ناملىق بۇ شېئىرنى 6 - ئەسىردە يازغان. بۇ قوشاقنى "تۇرا قوشىغى" دېگەندىن كۆرە "ئۇيغۇر قوشىغى" دېگەن ناھايىتى مۇۋاپىق. خوغورسۇر ئالتۇننىڭ "تۇرا" دېگىنى دەل شەرقى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

قوشاقچىنىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، فامىلىسى خوغورسۇر ئىدى. خوغورسۇر ئەسلىدە قوشاقچى كېلىپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، قوشاقچى ئۆزىنىڭ قايسى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا - بوۋىسى فامىلە قىلىپ كەلگەن ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خوغورسۇر ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر تارىخىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوغورسۇر قەبىلىسى ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 1336 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ئورخۇن دەۋرىدىكى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) توققۇز ئۇيغۇرنىڭ بىرى ئىدى.

قوشاقچى خوغورسۇر ئالتۇن مىلادىنىڭ 487 - يىلى تۇغۇلۇپ، 567 - يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

«شىمالى چى سۇلالىسى تارىخى. خوغورسۇر ئالتۇن ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا خوغورسۇر ئالتۇن، ھۆكۈمران تەبىقىسى سىيانپىلاردىن كېلىپ چىققان، شىمالى چى سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 55 - يىلىدىن 577 - يىلىغىچە) دا مەشھۇر دۆلەت ئەربابى رولىنى ئوينىغان.

«شىمالى خانلىقلار يىلنامىسى. ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «جۇجانلار ھەققىدە قىسسە»، «گاۋچاڭ ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى ۋە «جەنۇبى چى سۇلالىسى تارىخى. جۇجانلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قوشاقچى خوغورسۇر ئالتۇن ياشىغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 567 - يىلىغىچە) شەرقى ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ناھايىتى كەسكىن، تارىخى قىممەتكە ئىگە ئۆزگىرىشلەر

يۈز بەردى.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، 5 ـ ئە-
سىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، 6 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ
يىللىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 70 يىل ئىچىدە
شەرقى ئۇيغۇرلار كىچىك ـ كىچىك بەگلىك-
لەردىن بىرلەشكەن، كۈچلۈك خانلىقلارغا قاراپ
تەرەققى قىلدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ قىسقىچە
بايانى تۆۋەندىكىچە:

4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا: "ئېگىز ھار-
ۋىلىقلار" دەپ ئاتالغان شەرقى تۇرالار (شەرقى
ئۇيغۇرلار ـ ئا) ئىككى تارماقتىن ئىبارەت
18 قەبىلىگە بولۇنگەن ئىدى. بۇ ئىككى
تارماقتىن بىرى 6 قەبىلە، يەنە بىرى 12
قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ 6 قەبى-
لىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى:

| | |
|---|---|
| 1 ـ تۇرالار | 2 ـ ئۇنەغۇرلار |
| 3 ـ خوغۇرسۇر | 4 ـ قالپاقلار |
| 5 ـ قىرغىزلار | 6 ـ ئىل تىكىنلار |

يەنە بىرى 12 قەبىلىدىن ئىبارەت. تارمى-
قىدىكى قەبىلىلەرنىڭ نامى مۇنداق ئىدى:

| | |
|---|---|
| 1 ـ چىپولى | 2 ـ تورە |
| 3 ـ ئىل جان | 4 ـ تارلان |
| 5 ـ قۇغا | 6 ـ تاربۇ |
| 7 ـ ئايرۇن | 8 ـ بايان |
| 9 ـ ئەركىن | 10 ـ بوركلى |
| 11 ـ قىمۇي | 12 ـ يوشۇپى |

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى جۇجان خاقانلى-
قىنىڭ (مىلادىنىڭ 400 ـ يىلىدىن 551 ـ
يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن) خاقانى تولۇن خان
(485 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) تۇبا خاقان-
لىقى (شىمالى ۋېي خانلىقى) غا كەڭ ـ كو-
لەمدە ھوجۇم باشلىدى. مانا شۇ پۇرسەتنى غە-
نىمەت بىلگەن شەرقى ئۇيغۇرلار، جۇجانلارغا
قارشى ئىسيان كوتەردى. بۇ ئىسيانغا يېتەك-
چىلىك قىلغان خان بوركلى (تۇماغلىق ـ ئا)
قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئوجرۇ بولۇپ،
ئۇ ئۆكىسى چۈنچى بىلەن بىرلىكتە شەرقى
ئۇيغۇرلارنىڭ 12 قەبىلىسىدىن 120 مىڭ ئا-
ئىلىنى (ئازدىگەندە 600 مىڭ كىشى) باشلاپ،
غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ھال-
قىپ ئوتۇپ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى
تاغلىرى ئارىلىقىدىكى دالىغا كوچۈپ كەلدى.
بۇ ھەقتە تەپسىلىراق توختىلىشتىن بۇرۇن
موڭغۇلىيە (ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە) دە قال-
غان شەرقى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر ئاز چۈشەن-
چە بەرمەكچىمەن.

مىلادىنىڭ 498 ـ يىلى تۇبالار خانى شاۋ-
ۋىندى (مىلادىنىڭ 471 ـ يىلىدىن 499 ـ يى-
لىغىچە خان بولغان) چاڭجىياڭ دەرياسى ۋا-
دىسىدىكى جەنۇبى چى خانلىقى (مىلادىنىڭ
479 ـ يىلىدىن 502 ـ يىلىغىچە ھوكۇم سۈر-
گەن) غا چوڭ كولەمدە ھوجۇم قىلىشقا تەييار-
لاندى. شاۋۋىندى شەرقى ئۇيغۇرلارغا ئەلچى
ئەۋەتىپ ئوزىنىڭ جەنۇبى چى خانلىقىغا قى-
لىدىغان ھوجۇمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كوپ سانلىق
قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى
تەلەپ قىلدى. شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ 6 قەبى-
لىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى، ئۇيغۇر
قەبىلىسىنىڭ خانى شۇغا ئاتلىق بەگنى ئوز-
لىرىگە باش خان قىلىپ كوتۈرۈپ، شاۋۋىندى-
نىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى. تۇبالار خانى
شاۋۋىندى، تۇتۇق بەگ يۇۋىنىپۇ قوماندانلىقىدا
ناھايىتى ئۇرغۇن سانلىق قوشۇننى شەرقى ئۇي-
غۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. شۇغا خان باشچىلى-
قىدىكى بىرلەشكەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يۇۋىن-
پۇ قوماندانلىقىدىكى تۇبا قوشۇنلىرىنى تارمار

قىلدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۇۋەنپۇ قېچىپ قۇتۇلدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن شاۋۋىندى تۇتۇق بەگ جالڭ فالڭ ۋالڭ ئاتلىق سانغۇن قوماندانلىقىدا يەنە ئون سانلىق قوشۇننى ئۇيغۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. ئۇيغۇرلار توبا قوشۇنلىرىنى يەنە مەغلۇپ قىلدى. توبالارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق يۈرۈشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، توبا خانى، ئۇيغۇر خانى شۇغا ئالدىغا ھال سوراش ئەلچىلىكىنى ئەۋەتىپ، ناماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ توبالارنى مەغلۇپ قىلىشى، جەنۇبى چى خانلىقىنى شاۋۋىندىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. شەرقى ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، شۇغانى ئۇزىگە خان قىلىپ كوتەرگەندىن باشلاپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ، تەرەققى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋال 498 - يىلىدىن 550 - يىلغىچە داۋام قىلدى. شۇ مەزگىلدە جۇجانلارمۇ، توبالارمۇ شەرقى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. چۈنكى توبالار، جۇجانلارمۇ ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ئىدى. مىلادىنىڭ 551 - يىلى ئۇلۇغ كوك تۇرك ئىمپىرىيىسى قۇرۇلغاندا، شەرقى ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كوك تۇرك ئىمپىرىيىسىدە ئاساسى كۈچ بولغان.

ئەمدى بىر ئاز ئارقىغا يېنىپ 481 - يىلى موڭغۇلىيەدىن ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كوچۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىمەن.

ئاكا - ئۇكا ئاي ئوجرۇ بىلەن چۇنچى يېتەكچىلىكىدە جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كوتۇرۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيەدىن غەربكە، قاراپ كوچكەن ئۇيغۇرلار ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كوچۇپ كېلىپ، بۇ جايدىكى غەربى تۇرالار (غەربى ئۇيغۇرلار - نا) غا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان جۇجان خاقانى تۇلۇن خان ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي خانلار ناھايىتى ئون سانلىق جۇجان قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئاي ئوجرۇ بىلەن چۇنچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاي ئوجرۇ بىلەن چۇنچى جەنۇبى ئالتايدا بولغان قانلىق بىر جەڭدە، جۇجان خاقانى تۇلۇن خاننى تارمار كەلتۇردى. تۇلۇن خان قېچىپ كەتتى.

ئاي ئوجرۇ جۇجانلار ئۇستىدىن قازانغان شۇ شانلىق غەلىبىسىدىن كېيىن، ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا ئوز پايتەختىنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 546 - يىلغىچە ھوكۇم سۇرگەن - نا) نى قۇردى. ئاي ئوجرۇ بولسا، "ئۇلۇغ تەڭرىقۇت"، چۇنچى بولسا "ئۇلۇغ بەگ" دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېلى كۈچلۈك دولەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالە سانىنى نەزەردە تۇتۇپ ھوكۇم قىلىنغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى كوپ دىگەندە ئىككى يۈز مىڭ، ئاز دىگەندە بىر يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ شەرقى قۇمۇلغىچە، شىمالى ئالتايغا، غەربى سايرام كولىنىڭ بويلىرىغا، شەرقى جەنۇبى لوپنۇر كولىنىڭ جەنۇبىغا، غەربى جەنۇبى بۈگۈرگىچە سوزۇلغان ئىدى. چۈنكى ئاي ئوجرۇ جۇجان خاقانى تۇلۇن خاننى تارمار كەلتۇرۇپ، خانلىقنى قۇرغاندىن كېيىنلا، تۇرپان خانلىقى (تارىختا گاۋچاڭ خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ - نا)، قارا شەھەر خانلىقى، لولان خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى جۇجانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ ئۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى)نىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئوز خانلىقى تەركىۋىگە قوش-

قان ئىدى.

ئاي ئوجرۇ يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، جىددىي، ئۈنۈملۈك ھەربىي تەدبىرلەرنى كورگەندىن تاشقىرى دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ بىر قاتار ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى.

چۈنكى، يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى، كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۈچ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى جۇجان خاقانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاق هونلار ئىدى. قان - قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا تۇققان بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار نەسلىدىن بولغانلار 5 - ئەسىردە ئاق سىيۋارخان دېتەكچىلىكىدە ئاق هون ئىمپېرىيىسىنى (مىلادىنىڭ 420 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قۇرغان ئىدى. بۇ ئىمپېرىيە زېمىنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن مەۋئۇرەننەھر) ئافغانىستان، پاكىستان تەۋلىكى بىلەن كىرگەن. ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ماراكەنت (سەمەرقەنت) بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ھازىرقى بەلخ شەھرىنى پايتەخت قىلدى. مانا شۇ ئاق هون ئىمپېرىيىسى 480 - يىلدىن باشلاپ تازا كۈچىيىشكە باشلىدى. غەربتە ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى قارام هالغا چۈشۈرگەن بولسا، شەرقتە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۈچار قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋالنى ھېساپقا ئالغان ئاي ئوجرۇ ئۈكىسى چۈنچىنى خېلى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ، قارا شەھەرگە ئەۋەتىپ، كۈچار تەرەپتىن ئاق هونلارنىڭ هۇجۇم قىلىپ كېلىشىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئۆزى بولسا نۇرغۇن سانلىق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، خانلىقنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىدىن كېلىدىغان خەۋپ — جۇجانلار هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىمالدا تۇردى.

ئۇيغۇر خانلىقى شىمالدا جۇجانلار، غەربىي جەنۇپتا ئاق هونلار، جەنۇپتا تۇيغۇنلار بىلەن دۈشمەنلىك هالەتتە تۇراتتى. ئاي ئوجرۇ يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ دۆلەت مۇداپىئەسىنى خېلىلا كۈچەيتكەن مەزگىلنىڭ ئۆزىدىلا، توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى لويالىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى. توبالار خانى شاۋۋېندى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال جاۋاپ ئەلچىلىكى يوللاپ، ئاي ئوجرۇ بىلەن چۈنچىگە كىمخاپ تون، يۈز توپ شايى سوغا قىلدى. 487 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توبالار ئارىسىدا ئورنىتىلغان دوستانە مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ جۇجان خانلىقىغا قارشى تۈزۈلگەن ھەربىي ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. 488 - يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقىنىڭ خانى شياۋزى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت ئورناتتى.

جۇجانلار، ئاي ئوجرۇ خانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 500 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىغا هۇجۇم قىلمىدى، چۈنكى، ئۇيغۇر خانلىقى ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەتلىك هالغا كەلگەن بولسا، دىپلوماتىيە جەھەتتە خېلى ئوڭۇشلۇق (توبالار خانلىقى جەنۇبىي چى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى) شەرتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئەمما 498 - يىللىرى ئاق هونلار كۈچار تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، قارا شەھەردە مۇداپىئەدە تۇرغان چۈنچى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا چۈنچى مەغلۇپ بولۇپ، ئاق هونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئاق هونلار چۈنچىنىڭ باتۇر، ئەل بەگ ئاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 500 - يىللىرى ئوردا بەگلىرى ئاي ئوجرۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

خان جەمەتىدىن بولغان بارىيانىنى خان قىلدى. چۈنكى ئاي ئۇچرۇ خان بولغاندىن كېيىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، رەھىمسىز زالىمغا ئايلىنىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 505 ـ يىلى ئاق ھونلار ئۇيغۇر خانلىقىغا جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئاق ھون قوشۇنلىرى ئارىسىدا، چۈنچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار بارىيانىنى ئۆلتۈرۈپ، باتۇرنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاق ھون ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۈگەپ دوستلۇق ئورنۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

باتۇر خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇجانلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق تاتىشما جەڭلەر باشلىنىپ كەتتى. باتۇرخان ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 505 ـ يىلىدىن 516 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. باتۇرخان مىلادىنىڭ 505 ـ يىلى توبالار خانلىقىغا ئەلچى يوللاپ، توبالار خانى شۈەن ۋۇدىغا بىر خىش ئالتۇن، بىر خىش كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە تۇياق ئات، ئون توگە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. توبالار خانى جاۋاپ ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇر خانغا 60 توپ شايى ـ ئەتلەس سوۋغا ئەۋەتتى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك باتۇرخان، خان بولغاندىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇجان خانلىقى ئارىسىدىكى قانلىق جەڭلەر توختىماي داۋام قىلىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 508 ـ يىلى جۇجان خاقانى ئۇتوخان (مىلادىنىڭ 506 ـ يىلىدىن 508 ـ يىلىغىچە خان بولغان) نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئاتلاندى. ئەھۋالنى ئېنىق بايقاپ تۇرغان ئۇيغۇر خانى باتۇر خان بارىس كۆل (ھازىرقى بارىكۆل) نىڭ شىمالىدا جۇجان خاقانى ئۇتو بىلەن ئۇچراشتى. شۇ جايدا بولغان جەڭدە باتۇر خان مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا يېنىپ (غەربكە قاراپ) 300 يولچە يىراقلىققا چېكىنىپ كەتتى. خاقان ئۇتو قوشۇنىنىڭ شىمالىدىكى تاققا جايلىشىۋالدى. دەل شۇ جايدا ئۇيغۇرلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقى بولغان توبالار خانى شۈەنۋۇدى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىر نەچچە مىڭ قوشۇن مىڭۋى ئاتلىق سانغۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قومۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرىگەن جۇجان خاقانى ئۇتوخان ئالدىراپ تېنەپ قېچىشقا ئۇرۇندى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن باتۇرخان بوراندەك تېزلىكتە بېسىپ كېلىپ، ئۇتوخان بىلەن يەنە بارىس كۆلنىڭ شىمالىدا جەڭ قىلدى. جەڭدە ئۇيغۇرلار غەلىبە قازاندى، باتۇرخان ئۇتوخاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ، باشىنى مىڭۋۇغا تەقدىم قىلدى. باتۇر خان بارىس كۆلنىڭ شىمالىدا جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىنىڭ تەنتەنىلىك كۈنلىرىدە توبالار خانى شۈەن ۋۇدىغا ئەلچى يوللاپ، توبالار خانىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، سەۋسەر، بەش تۇياق ئات قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان توبالار خانى دەرھال جاۋاپ ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇر خانغا بىر يۈرۈش چالغۇ (مۇزىكا) ئەسۋاپلىرىنى ياسايدىغان 80 نەپەر ئۇستا، قىزىل شايىدىن 10 توپ، گۈللۈك شايى ئەتلەستىن 20 توپ سوۋغا ئەۋەتىپ، باتۇر خاننىڭ جۇ-

جاملار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

باتۇرخان شۇ غەلىبىدىن 8 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى جۇجان خاقانى چۇنۇخان (مىلادىنىڭ 508 ـ يىلىدىن 521 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. چۇنۇخان باتۇر خاننى تىرىك تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ سورىتىپ، چېتىدىن يېرىپ تاشلىدى. دادىسى ئۇتۇخاننىڭ ئۆچىنى باتۇرخاندىن ئالغان چۇنۇخان، باتۇرخاننىڭ باش سۆڭىكىنى سىرلاپ (زەر يۈرگۈزۈپ)، مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالدى.

516 ـ يىلى جۇجانلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، چۇنچىنىڭ ئوغلى ئىل بەگ (باتۇرخاننىڭ ئىنىسى) ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 520 ـ يىلىدىن 530 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئىل بەگ 520 ـ يىلى جۇجانلار ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، جۇجان خاقانى بىراھماننى (مىلادىنىڭ 521 ـ يىلىدىن 522 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) تارمار كەلتۈردى. بىراھمان ھازىرقى كەڭسۇدىكى ۋۇۋېيغا قېچىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 523 ـ يىلى توبالار خانى شاۋۋېندى ئىل بەگكە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خىلمۇ ـ خىل رەڭدىكى سىرلار بىلەن سىرلانغان ئېسىل يەلپۈگۈچلەر، كۇنلۇكلەر، داقا ـ دۇمباقلار، چېدىر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى.

ئىل بەگ مىلادىنىڭ 530 ـ يىلى جۇجان خاقانى ئانىناغاي (مىلادىنىڭ 521 ـ يىلىدىن 551 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇكىسى يۇقۇ (چۇنچىنىڭ كەنجى ئوغلى) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۇقۇ (مىلادىنىڭ 530 ـ يىلىدىن 573 ـ يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 527 ـ يىلى ئانىناغاي تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئىل بەگنىڭ ئوغلى بەگچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بەگچىمۇ (مىلادىنىڭ 537 ـ يىلىدىن 541 ـ يىلىغىچە خان بولغان) جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بەگچىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىغا يۇقۇنىڭ ئوغلى چۇبىن خان بولماقچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە خان بولغانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، بەگچى 537 ـ يىلى جۇجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا چۇبىن شەرقىي ۋېي (مىلادىنىڭ 534 ـ يىلىدىن 550 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانلىقىغا قېچىپ كېتىپ، شۇ يەردە، كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 546 ـ يىلى (بۇ چاغدا كىمنىڭ خان بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس) جۇجانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئالتايدىن باش كوتۈرۈپ چىققان كوك تۈركلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى) نىڭ خانلىرى ئاكا ـ ئۇكا تۇمەنخان بىلەن ئىستەمى خانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. تارىختا، 60 يىل ھوكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە) كۈچلۈك ئۇيغۇر خانلىقى كوك تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كوك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە، ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. 60 يىل ئومۇر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى تارىختا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلاش مۇمكىن. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، خۇاڭخې ۋادىسىدا قەد كوتۈرۈپ تۇرغان توبالار خانلىقى (شىمالى ۋېي خانلى-

-ىي) بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن توبالار جۇجانلارغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە ئىش كۆرۈشتى، ئۇيغۇر خانلىقى باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە جۇجانلار بىلەن 60 يىل دىگەندەك توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرغان. مىلادىنىڭ 400 - يىلى تېرىستورىيە-سىنىڭ شەرقى چاۋشيەنگىچە، غەربىي قازاقىستانغىچە، غەربىي جەنۇبى قارا شەرگىچە سوزۇلغان كۈچلۈك جۇجان خانلىقى باتۇر، ئەركسۆيەر ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇيغۇرلار جۇجانلارنى ئۇرغۇن جايلاردىن ھەيدەپ چىقىرىپ (ئالتاي بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسى، تۇرپان، قارا شەھەر، لۈلان، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن) جۇجان خاقانلىقىغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بەردى. مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 546 - يىلىغىچە بولغان 60 يىلنى ئېشىپ كەتكەن ئۇرۇش جەريانىدا، جۇجانلارنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلارغا جەلپ قىلىنغانلىقتىن، جۇجانلار سەددىچىن سىپىلىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخې ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا زادى ئىمكانىيەت تاپالمىدى. شۇڭا خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ ياشناش شەرت - شارائىتىگە ئىگە بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇجانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى، جۇجانلار تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلغان ئالتاي تۈركلىرىنىڭ قەدەممۇ - قەدەم قۇدرەتلىنىپ ئاخىرىدا جۇجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كوك تۈرك ئىمپېرىيەسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

ئالتايدىكى تۈركلەر قەدىمقى چاغدىن تارتىپ پولات تاۋلاپ خىلمۇ - خىل ھەربىي قوراللارنى (نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت، دوبۇلغا، ئوقيا، تەبەر، قالقان، ئوقيا) ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇندىن باشقا ئالتۇندىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سايمانلار (ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تۇغۇرۇق، ئالتۇن جام، ئالتۇن قاچا، ئالتۇن ئۈزەڭگە، ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن ئىگەر، ئالتۇن جوۋالدۇرۇز، ئالتۇن دەرەش، ئالتۇن ئەينەك، ئالتۇن قەدەھ ۋە ئاياق، ئالتۇن چوگۈن قاتارلىق) ۋە باشقا ئالتۇندىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوتۇغات، ئالتۇن ساقا، ئالتۇن چىكە گۈل قاتارلىق) نىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. جۇجانلار مىلادىنىڭ 400 - يىللىرى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى جۇجان قوشۇنلىرىنى ھەربىي قوراللار بىلەن تەمىنلەشكە ۋە جۇجان بەگلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى بىزەشكە كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. ھەتتا جۇجان خاقانلىرى تۈركلەرنى "تۆمۈرچى قۇللۇرۇم" دەپمۇ ھاقارەتلىگەن.

ئەنە شۇنداق ئېزىلىش ۋە خورلۇققا چىدىمىغان كوك تۈركلەر ئۆزىگە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى سۇر تاردۇشلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق كۈچىيىپ، جۇجانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ كوك تۈرك ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

كوك تۈركلەر بۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، مىلادىنىڭ 546 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئالدى. ئارقىدىنلا سۇر تاردۇشلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ كۈچەيدى. شۇ يىلى كوك تۈرك خانى تۈمەن خان جۇجان خاقانى ئاينالغا ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇجان مەلىكىلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كوك تۈرك ئەلچىلىرىدىن بۇنداق تەلەپنىڭ قويۇلىشىنى چۈشىنەلمىگەن خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئاينالخاي ناھايىتى غەزەپلىنىپ، "ھە، تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبراز بىلەن خاھىش توغرىسىدا

يۇسۇپ ھۇسەيىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ "ناخشا - ئۇسۇلچى خەلق" دەپ ئاتالغان شوھرىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان فولكلور ژانىرلىرىنىڭ بىرى خەلقىنىڭ لىرىكىلىق قوشاقلىرى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ لىرىكىلىق ئېقىمى — تارىخنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىكى ئورمانلىق تاغلاردا تەبىئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوۋلاپ ئوزۇقلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى تۇنجى ئىنسانلىق مەنبەلىرىگە تۇتىشىدۇ. شۇندىن تارتىپ، بۇ ئېقىم قوشۇلمىسۇن ياكى تۈرلۈك تارماقلارغا — ئەمگەك قوشاقلىرى، مەشرەپ قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، تەنتەنە قوشاقلىرى، مەرسىيە قوشاقلىرى، تەنقىت قوشاقلىرى، ئىنتىلىش قوشاقلىرى، ۋىسال قوشاقلىرى، ھىجران قوشاقلىرى قاتارلىق تۈر - مۇش ۋادىلىرىغا بۆلۈنگەن بولمىسۇن، ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئەتتىكى، جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن - بەختكە، شاتلىققا تەلپۈنگەن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان، تەبىئەت — جەمئىيەت قانۇنلىرىنىڭ ھېسسىيات تامچىلىرى شەكلىدە ئۇرغۇشىدىن پەيدا بولغان.

خەلقىنىڭ لىرىكىلىق قوشاقلىرىنىڭ ئىلمى

---

بۇنداق تەلەپنى قويىشقا نىمە ھەددى بار ئىكەن!" دەپ كۆك تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

كۆك تۈرك خانى تۇمەن خان، ئايناغاينىڭ كۆك تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 551 - يىلى كۆك تۈرك قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئايناغاينىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايناغاي نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇمەن خان بىلەن بولىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشقا يېتىپ كەلدى. تۇمەن خان، ئىستىمى خان يېتەكچىلىكىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى خۇددى ئالەمنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىدىغان ناھايىتى دەھشەتلىك قارا بوراندەك بېسىپ كېلىپ، ئايناغاي قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىر قىسىم جۇجان بەگزادىلىرى بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، شىمالى جۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قېچىپ كەتتى. تۇمەن خان جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ تارىخى غەلبىدىن كېيىن، شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربى قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنى (خاقانلىقىنى) قۇردى. مانا شۇ ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە، مۇستەھكەملىنىپ، گۈللەپ ياشنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئۇيغۇرلار يۇقۇرىدىكى قوشاقلارنى توقۇغان.

قىممىتى كىلاسسىك مەدەنىيەت تارىخىدىكى باشقا ژانىرلاردىن يۇقۇرى، چۈنكى، خەلقىمىز لىرىكىلىق قوشاقلىرى شائىرلارنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي مۇددىئانى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەقلىي ماھارەت ئىشلىتىپ "سوز سەنئىتىنى" كورسىتىش خاھىشىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى بىۋاستە، ئەمەلىي تۇرمۇش تەسىرى ئارقىلىق ئۇرغۇپ چىققان" كۆڭۈللەرنىڭ" تەبىئىي پۇراقلىرىدۇر. بولۇپمۇ ئەسلىي ئىلمىي تەجرىبىدىن ھاسىل بولغان بىلىمنى مەلۇم ئىجتىمائىي مەخسەت ئۈچۈن قورال قىلىشنى ئويلاپ باقماي، بەلكى "بىلىم" نى پەقەت تەبىئەتنى ئوزگەرتىش ئەمگەكلىرىنىڭ بىر خىل قورالى دەپ بىلگەن مېھنەتكەشلەر تۇيغۇلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن. خەلقىمىز لىرىكىلىق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي رىياللىقنى، ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى كورگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قانداق مىجەز ۋە قانداق روھىي كەيپىيات نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا تارمىقى بىلىملىرى ئۈچۈن ماتېرىيال تاپقىلى بولىدۇ.

خەلقىمىز لىرىكىلىق قوشاقلىرى ئىخچام بولغىنى بىلەن شۇ ئىخچام مەزمۇن ئىچىدە تەساۋۋۇر قىلىدىغان بوشلۇق، كەڭ ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش مەنزىرىسى، چوڭقۇر دۇنيا مەنزىرىسى بار. شۇڭا، ئېيتىش مۇبالىغە بولمايدىكى، ھەر بىر قوشاق تەتقىق قىلىنسا، ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۈچۈن بىرەر ـ ئىككى قېتىم سوزلەشكە زورۇر بولغان تېما چىقىدۇ، تېما چىقاندىمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ ھەر خىل نەزەرىيىۋى تارماقلىرىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقۇچى قانۇنىيەتلىك بىلىم چىقىدۇ.

خەلقىمىز لىرىكىلىق قوشاقلىرى ــ خەلقىمىز مەنىۋى پەرزەندى. ئۇ خەلققە سادىق، ئۇنىڭدا ھوكۇمران ئىدىيە ــ قانداقتۇر "ھوقۇق پەلسەپەسى" بولماستىن، بەلكى "ئەقىل پەلسەپەسى" لا بار. يەنى خەلق قوشاقلىرى ئېپىك مەزمۇندا بولسۇن، مەيلى لىرىك مەزمۇندا بولسۇن، ئۇنىڭدىكى مەۋقە ئادەمنىڭ ئوزىدىكى ئىچكى كۈچ تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش تۇيغۇسى ئىچكى ئىرادە، تەدبىر-پاراسەت زېمىنىدىن كوكلەپ چىققان. ئۇنىڭدا قۇللۇق ــ يېلىنىش، يالۋۇرۇش، ئالدامچىلىق، تىۋىنىش خاھىشى يوق. تىپىك مىسال بولغان "خۇدا". "يار" دېگەن ئۇقۇملار ئەينى زامانىدا قوشاقچىنىڭ ئوزىنى ئۇرغۇتۇش، يېنىكلەپ قەددىنى تىكلەپ مەخسەتكە قاراپ قەدەم بېسىش ۋاقتىدىكى نىشاندىن چاقناپ ئوزىنى جەلپ قىلىپ تۇرغان. ئەسلىدە ئوز ـ ئوزىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ياققان ئۇمىت شاملىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

"ئىگىز ئىگىز تاغ بېشىدا
چىراق كۆيەدۇر.
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى
يۈرەك كۆيەدۇر".

دېگەندە خىيالچان تىكىلگەن كوز ئالدىدىكى ئوت ــ مۇقەددەس ئوت. بۇ ئوتنىڭ ئىچى ئاجايىپ دۇنيا، بۇ دۇنيادا تاشقى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر، ھادىسىلەر ئوزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، رەڭگىنى ئادەم ئارزۇسى ئارقىلىق ئوزگەرتىپ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يارقىن، خۇددى بۇلاق سۈيىدىكى سۈزۈك ئاسمان كۆلەڭگۈسىدەك بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ــ ئادەم ئۇمۇرتقىسى ئىچىدىكى ئىلىكتەك ئادەمنىڭ تىك تۇرۇشى ئۈچۈن زور مەنىۋى ئوزۇق.

خەلقىمىز لىرىكىلىق قوشاقلىرىدىكى يۇقارقى

ئىككى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىھىساپ كۈلپەتلەر، ئاپەتلەر لاي لاتقىسى ئىچىدىكى مارجاندەك خۇسۇسىيەتتۇر.

بىز بۇ مارجانلارنى تەتقىقات ئىلمى سۈيى بىلەن يۇيۇپ، تازىلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ مارجان شۈنچىلىك سۈزۈك. شۈنچىلىك رەڭدار ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن چىچىلغان نۇر دەل يۈرەكتىن ئېتىلغان ئارزۇلاردۇر.

مارجانغا قاراڭ. ئۇ سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىكى تۇتۇپ كۆرۈشكە بولىدىغان ماددى نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن چاقناپ چىقىۋاتقان رەڭ، نۇرلارنىمۇ تامامەن كۆرۈشكە بولىدۇ. خەلقنىڭ لىرىكىلىق قوشاقلىرى ئەنە شۇنداق، بەلكى تېخىمۇ سەپ ـ سالاق، مارجاندىن غۇنچە ئېچىلغاندەك قات ـ قېتىدىن ئېچىلىپ، خۇددى رىۋايەتتىكى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ پادىشالىغىدەك سېھىرلىك دۇنيانىڭ ئىشىگى ئالدىڭىزدا ئېچىلغاندەك بولىدۇ.

بۇنداق خۇسۇسىيەت دەل خەلق لىرىكىلىق قوشاقلىرىنىڭ ئوبرازلىق ۋە خاھىشچانلىق ياكى خاھىش بىرلىكىدىن ئىبارەت.

ئوبراز ــ ئىككى خىل، بىرىنچى خىلى تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ شەكلى، ھالىتى. ئىككىنچى خىلى ئىچكى دۇنيانىڭ سۇبيېكتىپ شەكلى، ئالدىنقىسى يالتىز، كېيىنكىسى چېچەك.

خاھىش ــ مۇھەببەت ياكى نەپرەت ھېسلىرىدۇر، بۇمۇ ئىككى خىل، بىرى، تاشقى دۇنيادىكى ئوبيېكتىپنىڭ مۇئەييەن تەسىرى، ئىككىنچى خىلى ئادەم تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى جاۋابەن ئىنكاسى، مەسىلەن، بىر گۈلنىڭ قىزىللىقى، رەڭگى، ھىدى ــ ئوبراز. ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان گۈزەللىك ــ بىر خىل ئوبيېكتىپ خاھىش، يەنى گۈل ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئىزھار قىلغانلىقى، گۈلگە قاراپ تۇرغان ئادەم گۈلنى كۆرگەندىن كېيىن (مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ) گۈلنى شەكلەن تەساۋۋۇر قىلسا، بۇ سۇبيېكتىپ شەكىل ــ ئوبراز، لېكىن بۇ گۈل قانداقتۇر ئادەم (يار) سىياقىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ تۇرغىنىدا ئۇنىڭدىن چېچىلىۋاتقان گۈزەللىك تەساۋۋۇر قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بولىدۇ.

تۆۋەندە بىر نەچچە مىسالنى ئېلىپ كۆرەيلى:

"ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن.
ئاھلىرىم تۈتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى."

بۇ قوشاقنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ قانداق يەردە، قانداق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بايان قىلمىغان، پەقەت ھېسسىياتىنىڭ ئۆزىلا مەلۇم. يەنى قانداقتۇر گۈل ھىدى دىماقىغا ئۇرۇلىدۇ. لېكىن گۈل كۆرۈنمەيدۇ. دىگەنىدەك (مانا بۇ ــ شېئىرلارغا خاس خۇسۇسىيەت)، لېكىن بىز بۇ قوشاققا تەساۋۋۇر كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، بولۇپمۇ ئۆزىمىز بىر خىل سېغىنىش كەيپىياتى ئىچىدە تۇرۇپ تەساۋۋۇر قىلغىنىمىزدا خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئەكسىدەك بىر كىشى پەيدا بولىدۇ، ئوخشاشلىقىنى سېزىمىز، ئاھ چېكىۋاتقان قەلبىنى تەساۋۋۇر قىلىمىز. شۇ چاغدا دەريا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، دەريادا ئادەمنى يەپ كەتكىدەك بېلىقنى تەساۋۋۇر قىلىمىز، ئادەم يەپ كەتكىدەك بېلىقنىڭ تەشنالىق تەبىئىتى "ئاھ" ئاستىدىكى ئادەم تەساۋۋۇر قىلالمايدىغان ئابستراكتنى نەرسىنى ــ جاننى، جاننىڭ كۈچ روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، لەھەڭ بېلىق كۆز ئالدىمىزغا كەلگەندەك ۋۇجۇدىمىز ئىختىيارسىز لەھەڭدەك كۈچكە

تولىدۇ، فىزىئولوگىيەلىك ھالەت بىلەن قارىساق بەدەندە بىر خىل "ئېنېرگىيە ئېقىمى" پەيدا بولىدۇ ۋە بۇ "ئاھ" نىڭ قانچىلىك قەھىرلىك كۈچنى يوشۇرغىنىنى چۈشىنىمىز.

يەنە:

" ھەجەپمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئالىپ،
يۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم".

بۇ بىر كۇبلىت قوشاقتا قارىساق يارنى كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان ئاشىق كوز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. قوش پىچاق ئېلىپ يۈرەكنى يارغىدەك بوپتۇ، بۇ بىر پىچاق ئەمەس ئىككى پىچاق ئىكەن، نىمە ئۈچۈن ئىككى پىچاق ئالىدۇ؟ يۈرەكنى يارىدىكەن، كىمنىڭ يۈرىكىنى يارماقچى بولىدى؟ ئۆزىنىڭ يۈرىكى بولسا، بىر پىچاق بىلەن يارسا بولمامدۇ؟ مۇشۇنداق سوئال قويۇپ تەھلىل قىلساق، يارنىڭ كېلەلمەسلىكىدە قانداقتۇر توسقۇنلۇق بارلىغى، ئاشىقىنىڭمۇ ـ مەشۇقىنىڭمۇ تىت ـ تىت ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇ ئىككى تىت ـ تىتلىقنى پىچاق قىلىپ، توسقۇنلۇق قىلغۇچىنىڭ يۈرىكىنى يېرىۋەتمەكچى بولغان تەقەززالىق بارلىغى مەلۇم بولىدۇ.

بۇنداق مىساللارنى ناھايىتى كوپ كەلتۈرۈش ۋە ھەربىر قوشاقنىڭ مەزمۇنەن خاراكتىرىگە مۇۋاپىق تەھلىل قىلىپ، قايسى ساھەگە، قانداق مىجەز، كەيپىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

چۈنكى خەلق قوشاقلىرى بىرەر ـ يېرىم سائەتلىك قەلەم تەۋرىتىش بەدىلىگە كەلگەن ئەمەس، بەلكى چاقماق چاققاندەك پەيدا بولغان ئىلھام ئۈچۈن ئاساس بولغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتى، خۇددى بۇلۇتلارنىڭ ئايلاپ، تەدرىجى توپلىنىپ، قىزدۇرەتلىك ھاۋا بېسىمى پەيدا بولۇپ، سوقۇشقانلىغىدەك ئۇزۇن جەريانىنى، يەنە تەسادىپ ئاستىدىكى ئۇزۇن زورۇرىيەتنى ئوز ئىچىگە ئالغان. خەلقتە "كوپ كەپنىڭ مەزىسى بولمايدۇ" دىگەندەك گەپ ـ سوزلەر كوپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى مەناغا ئېتىۋار قىلمايدىغان، ئويلىمايدىغان بىپەرۋالىق ئادىتى توپەيلىدىن بېشىغا كەلمىگىچە، مەلۇم قوشاقنىڭ بەدىئى شەكىلدە تۇرغان ئىجتىمائى ھەقىقەتنى بىلەلمەيدىغان ھادىسە توپەيلىدىن خەلقنىڭ لىرىكىلىق قوشاقلىرىغا بولغان ئېتىۋارلىق كۈچلۈك ئەمەس، بۇ بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىكى مەسىلە. لېكىن يالغۇز يولدا كېتىۋاتقان ئىشەكلىك ئادەم، ياكى ئوما ئورۇۋاتقان دىخان، ياكى تىكىش قىلىۋاتقان ئايال غىڭشىپ ئوقۇيدىغان بۇنداق لىرىكىلىق قوشاقلار، شۇ ئوقۇۋاتقان ئادەم بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇ ئوقۇۋاتقان ھېسسىياتنى ۋە خىيال قىلىۋاتقان مەنزىرىنى باشقا ئادەم چۈشەنمەيدۇ. ئادەتتە چۈشۈنۈش، ئويلۇنۇشقىمۇ ۋاقتى يوق، دەپ ھېساپلىنىدۇ. مانا بۇ ھال ھېسسىياتلارنىڭ كوڭۈلدىن كوڭۈلگە ئوتۇپ باغلىنىپ، ئادەملەرنى تۇتاشتۇرۇشتىكى ئادەمنىڭ ئوزى ئوتكۈزۈۋاتقان يېتەرسىزلىك. خەلق ماقالىدىكى "ئادەمنىڭ قەدرىگە ئادەم يەتمەپتۇ" دىگەن گەپ دەل تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق ھادىسىلەردىن ئاغرىنىش تەرىقىسىدە كېلىپ چىققان.

بىز خەلقنىڭ، بولۇپمۇ مەھنەتكەش خەلقنىڭ بىرلىگىنى ـ كۈچ دەپ نەزىرىيە جەھەتتىن تەكىتلەيمىز، بۇنداق نەزىرىيىنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلارنىڭ بىرى ـ دەل خەلقنىڭ لىرىكىلىق قوشاقلىرد-

دىكى ئىنسانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆز ئارا مۇھتاجلىق تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يورۇتۇپ نەزەرىيىۋى دەرىجىگە كۆتۈرۈش — ماركسىزمنىڭ ئىدىئولوگىيە غەزىنىسىنى بېيىتىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەڭ تۈپكى مەنپەئەتى — تەبىئەتتىن ئېلىش ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ، تەبىئەتكە قارشى كۈرەشتە — يەنى تەبىئەتتە ئۆزىنىڭ ياشاش ئورنىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئادەمگە مۇھتاجلىقى ئوبيېكتىپ قانۇن. تەبىئەتنىڭ بىۋاستە ئۆزگەرتكۈچىلىرى بولغان مېھنەتكەش خەلق بۇ ھەقىقەتكە ئەسىرلەر تەلپۈنۈپ كەلگەن. بۇ ھەقىقەت ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيەلىك لەززەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرى بولغان مۇھەببەت بىلەن باغلىق بولغانلىقتىن بۇنداق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەبىئەتتىكى شەيئى — ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك، ماھىيەتلىك شەكىللىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق "تەنگە جان كىرگۈزگەن." سۇ تېگىدە چىمىرلاپ تۇرغان تاش بىلەن كائىناتتىكى يۇلتۇز ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق پەقەت ئادەم ئارقىلىق، ئادەم نەزىرى ئارقىلىق يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك بىرلىككە، باغلىنىشقا ئىگە بولغان. مۇھەببەتلىك لىرىكىلىق قوشاقلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى — پاكىز سۇ ئارقىلىق ئادەم قەلبىدىكى باش ئەينەكنى سۈرتۈش ئۈچۈن پەيدا بولغانلىقتا. ئەينەكنى سۈرتۈشتىن مەقسەت، ئەكسىمىزنى روشەن كۆرۈش ئۈچۈن شۇڭا ئۇنتۇلۇپ، بىپەرۋالىق لاي - لاتقىسىدا قالغان ئەينەكتەك سۈزۈك بولغان مارجانلارنى تېپىش، ئۇنىڭ ئوبرازچانلىقى ۋە خاھىشچانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىش — ئادەم قەلبىنى چۈشىنىش ۋە ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مۇھىم تەتقىقاتتۇر.

مەن مۇنداق بىر مىسالنى دېمەكچى:

بىر قېتىم مەن مەشھۇر تىۋىپ (ئاكسامدەك ئادەم) بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ ماڭا: "سەن ئۆزەڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان قوشاقتىن بىرنى ئىختىيارلىق بىلەن، ماڭا قارىماستىن، تاغ باغرىغا قاراپ تۇرۇپ ئېيتقىن" دېدى. مەن بىر قوشاقنى ئېيتتىم. ئارقىدىن تىۋىپ ماڭا ھۆكۈم قىلدى ۋە: "سەندە يۈرىگىڭدە، قېنىڭدا ھارارەت يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن..." دېدى. مەن ئەجەبلىنىپ: "سەن تومۇر تۇتماي، دىئاگنوز قويماي قارىماق بىلەن سۆزلەۋاتىسەنغۇ" دېدىم، تىۋىپ: "مەن بۇ سىرنى سېنىڭ قوشاقنى ئېيتقان چېغىڭدىكى چىقىۋاتقان ئاھاڭ ئارقىلىق بىلدىم. ئاھاڭ فىزىكىلىق ھادىسە. لېكىن بۇ ھادىسىنى قوزغايدىغان ئامىل سەن قوشاقنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭدا كۆز ئالدىڭغا نېمە كەلگەنلىكىگە باغلىق. سەن كۆز ئالدىڭغا ئېنىق مەنزىرە كەلتۈرەلمىدىڭ. بۇ سېنىڭ قېنىڭنىڭ مېڭەڭ ھۈجەيرىلىرىنى، ھۈجەيرىلەردىكى خاتىرە ئىزلارنى قوزغاش ئۈچۈن يېتەرلىك ھارارەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ"... دېدى. مەن ئىقرار بولدۇم ۋە بۇ گەپ ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىدىن باشلاپ خەلق ياراتقان "ئەدەبىيات — ئادەم ئىلمىدۇر" دېگەن ھۆكۈم مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بۇ ماقالە ئەنە شۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىش ۋە تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدىن قىسقىچە مەلۇمات بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

# پېشقەدەم خەلق قوشاقچىسى، سازچى ۋە داستانچى تۇرغۇن موللا ئوسمان

پېشقەدەم خەلق قوشاقچىسى، سازچى ۋە داستانچى تۇرغۇن موللا 1890 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئىتىم چاغرى يېزىسىدىكى كەمبەغەل دىخان ئوسمان ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.



ئۇنىڭ دادىسى بۇ يىللاردا خېلىل ھاجى دېگەن يەرلىكنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ئەگۈستى يېزىسىنىڭ "كامپا" دېگەن ئايىمىغىدىن بولۇپ ئۇلار تەۋىز (تەبرىز) ئۆستىڭىنىڭ مىرابى خېلىل ھاجىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە خوشنا ئولتۇراتتى. تۇرغۇن موللا 7 ياشقا يەتكەندە بۇ ئائىلە يەنە كامپىغا كوچۇپ كەتتى. ئۇ 10 ياشقا كىرگەندە شۇ مەھەللىدىكى سەدىن خاتىپنىڭ دىنى مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ، بۇ مەكتەپتە ئوقىغان 11 يىل جەريانىدا خوجا ھاپىز قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، 22 ياشقا كىرگەندە تەۋىز (تەبرىز) لىك خېلىل ھاجى مىراپقا يىللىقچى بولۇپ ياللىنىپ ئىشلەپ تۇرۇپ، شۇ يەردىكى ساۋۇت قارى دېگەن مۇدەررىسنىڭ قولىدا ئۈچ يىل ئوقىغان.

25 ياشقا كىرگەندە خېلىل ھاجىدىن ئازار يەپ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ دادىسى بىلەن دىخانچىلىق قىلغان. 26 ياشقا كەلگەندە راۋاپ چېلىشنى ئۆگەنگەن، شۇ يىلى "كامپا" يېزىسى-نىڭ قوربېشىسى موللا ئاخۇن سازەندىگە قوشۇلۇپ دۇتار بىلەن نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن، 35 ياشقىچە دادىسىنىڭ قېشىدا دىخانچىلىق ھەم سازەندىلىك قىلغان. 36 ياشقا كىرگەندە خېلىل ھاجىنىڭ ئورنىغا مىراپ بولغان ئۆمەر بەگ دېگەن مىراپنىڭ قولىدا تەۋىز (تەبرىز) ئۆستىڭىنىڭ باش ئېقىمىغا ئېلىشچى بولۇپ بېرىپ 9 يىل مۇغال دېگەن يەردە تۇرغان.

بۇ جەرياندا ئۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆتمىشتىكى ئالۋان - ياساق، خىلمۇ - خىل زۇلۇملارنى، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى، بولۇپمۇ تەۋىز (تەبرىز) شاناز ئۆستىڭىنى قېزىش جەريانىدا خەلق ئۈستىگە چۈشكەن ئېغىرچىلىقلارنى ۋە شەخسەن ئۆز بېشىغا كەلگەن ئىشلار ۋە پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ تۇرغۇن قوشاق توقىغان، توي - تۆكۈن، ئويۇن مەشرەپلەر سورۇنلىرىدا بۇلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقىغان.

46 ياشقا كەلگەندە مىرغالىدىكى ئىشىنى تاشلاپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ دىخانچىلىق، قوشۇمچە سازەندىلىك قىلغان. ئۇ، 60 ياشقا كىرگەندە ئۆلكە تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى، ئۇ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سوتسىيالىزىمغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى، خەلقنىڭ ھاياتىنى، يېڭى

دەۋرىمىزنى، ئۆزى ياشاۋاتقان يېڭىسارنىڭ قوينىدا بارلىققا كەلگەن ھەر بىر ئۆزگىرىشلەرنى قىزغىنلىق بىلەن قوشاققا قېتىپ مەدھىيىلىدى.

1960 ـ يىلى «تارىم» ژورنىلى ئۇنىڭ «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» ناملىق داستانىنى ئېلان قىلدى.

1964 ـ يىلى تۇرغۇن موللا ئوسمان ئوغلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كورىكىگە شىنجاڭدىن ۋەكىل بولۇپ بېرىپ قاتناشتى. پايتەخت سەھنىلىرىدە دۇتار بىلەن ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقان ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ سادالىرى ياڭرىدى. پايتەخت گېزىتلىرى، كىنو ۋە رەسىملىك ژورناللىرى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇردى.

ئۇنىڭ توقۇغان قوشاقلىرى بىر نەچچە يۈز كۇپلېتقا يېتىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ توقۇغان بۇ قوشاقلىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم») ۋە «قەشقەر گېزىتى» ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۇردى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ئۇ سول لۇشيەننىڭ زەھەرلىك زەربىسىگە ئۇچراپ خاتا ھالدا "باي دېھقان" قىلىپ ئايرىلدى ۋە دىكتاتۇرىنىڭ دۆيشياڭىغا ئايلىنىپ، كۆتۈرۈپ قويۇقسىز دەرت ـ ئەلەملەرنى تارتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن قوشاقلىرى "زەھەرلىك چۆپ" قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە كونا "قالپاق" بىلەن يۈردى. پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەنى 1979 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەردە ئېچىلغان "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى" نىڭ سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئۇ، ھازىر جىسمانى جەھەتتىن ئاجىزلىغان بولسىمۇ ئىجادى روھىنى يەنىلا ئۇرغۇتماقتا. ژورنىلىمىز بۇ ساندا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزاسى تۇرغۇن موللا ئوسماننىڭ بىر نەچچە قوشاقلىرىنى ئېلان قىلىپ ئاممىغا سۇندى.

«مىراس» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## گۈل بېيجىڭغا باردىم مەن

74 كە كىرگەندە،
گۈل بېيجىڭغا باردىم مەن.
خەلق سارىيى ئىچىدە
ماۋزېدۇڭنى كۆردۈممەن.

ھەشەمەتلىك ياسالغان،
خەلق سارىيى چىرايلىق.
خەلقىمىزگە باش بولغان
ماۋجۇشىمىز چىرايلىق.

خەلق سارىيىدىكى زال،
مىللەتلەرنىڭ جايىكەن.
ئىجىل ـ ئىناق دوستلۇققا
ۋەتىنىمىز باي ئىكەن.

1964 ـ يىل بېيجىڭ

## دىخانلاردا خوشاللىق

ۋىلايەتتە ئۈلگىلىك،
بىزنىڭ يېڭىسار ناھىيىمىز.
بۇ بەختلىك تۇرمۇشقا،
ئېلىپ كەلدى داھىيمىز.

تاشتا چاقسام ئۇچقۇنى،
قوشماق چىقتى مېغىزى.
يېيىلمايدۇ خوشلۇقتىن،
دىخانلارنىڭ ئېغىزى.

سېرىق ياغدەك پىشىدۇ،
بىزنىڭ ئەگۈس ئۈرىكى.
خوشاللىقتا يايرايدۇ،
دىخانلارنىڭ يۈرىكى.

1966 ـ يىل يېڭىسار

## شياۋدۇيجاڭ

يېزىمىزنىڭ تۇلپارى،
ئامالارنىڭ ئىلغارى،
بەشتە ياخشى ياش يىگىت،
ئەزالارنىڭ سەردارى.

بىر قولىدا كەتمەن بار،
بىر قولىدا دەپتىرى.
ھېساۋاتتا ئادىل ئۇ،
قولتۇغىدا سەنپىنى.

ئىشلەپ ھەرگىز ھارمايدۇ،
بىكار يولنى ماڭمايدۇ.
ئىش قىلىپ زېرىكمەيدۇ،
تەنقىتكە تېرىكمەيدۇ.

ئاشلىق ساتتى دۆلەتكە،
بۇ، ئۇلۇغ ئىش ئەلۋەتتە.
دۈيجاڭ باشلىق ئەزالار،
ئېرىشتى زور ھورمەتكە.

مول ھوسۇلچى بىزنىڭ دۈي
بايراقدار دەپ نام ئالدى.
ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ،
قىزىل بايراق قادالدى.

كۆل يېزامغا كېپ قالدىم،
ئىش ئىزىڭغا سەپ سالدىم.
قايىل بولۇپ ئىشىڭغا،
راس ئىلغاركەن دەپ قالدىم.

1965 ـ يىل

## كەلكۈن سۈنى باشلايمىز

كەلكۈن سۈيى كەلگەندە،
يېرىمىزنى چاقاتتى.
ئۇلۇغ كەلكۈن بەگۋاش سۇ،
ھەر ياقلارغا ئاقاتتى.

سۇ چىقماستىن ئېتىزغا
قۇرۇغاندى زىرائەت.
تەشۇىش بىلەن، غەم بىلەن
ئۆتكەن ئىدى جامائەت.

كوگۈل بولدى ئامىغا،
ياچىپىكىدىن بەختى تاش.
ھەركەتلىنىپ شاخ بېسىپ،
ياغا تىزدۇق يۇغان تاش.

چىرىدىم سالدۇق قىرىغا،
ئاينىپ كەتتى ئورمانلار.
دامبا سوقۇپ توختاتتۇق،
ئارام ئالدى دېخانلار.

كەلسە ئەندى كەلگۈن سۇ،
ئېتىزلارغا باشلايمىز.
ئېلىپ كۆزدە مول ھوسۇل،
دېخانلار شات ياشايمىز.

مانا بۇ يىل بۇغدايغا،
چېچەك سۈيى توشقازدۇق.
ياشناپ كەتتى مايسىلار،
قۇرغاقلىقتىن قۇتقازدۇق.

1966 ـ يىل

## باي بولۇشنىڭ دەۋرى بۇ

كۈڭشىمىزنىڭ يەرلىرى،
ئۈستى ئاجىز، تېگى تاش.
بىز ئىشلىگەچ تەر توكۈپ،
تاشلىق سايدىن ئالدۇق ئاش.

يۇرتىمىزنىڭ ئەتراپى،
كەڭرى كەتكەن يايلاق ـ ساي.
بېقىپ توگە، قوي، كالا،
دېخانلىرىمىز بولدى باي.

يېڭى دەۋرى زاماندا،
كېۋەز، بۇغداي بەك بولدى.
دېخانلارنىڭ ئۆيىدە،
تاغارغا ئاش لىق تولدى.

يېڭى بۇغداي خامىنى،
ئېگىز باغقا تەڭ بولدى.
ئاغدۇرۇلۇپ 4 چايان،
داسقىنىمىز كەڭ بولدى.

ئۇچۇپ يۈرگەن قالىغاچ،
ئۆي تەرەپنى بويلايدۇ.
خەلقنى سۆيگەن رەھبەرلەر،
خەلق تۇرمۇشىنى ئويلايدۇ.

دۆيىمىزنىڭ ئاتلىرى،
يورغىلايدۇ مىڭىشلاپ.
قوشاق قوشتۇق يۈرەكتىن،
پارتىيىگە بېغىشلاپ.

1979 ـ يىل يېڭىسار.

## ئەگۈس گۈڭشې ھەققىدە قوشاقلار

ئەگۈس گۈڭشې يېرىنىڭ،
تېگى تاش ئەتراپى ساي.
توگە قويلار ئوتلايدۇ،
ھەممە گۈڭشېلاردىن باي.

يول توپىسىدە گۈڭشېمىز،
مېھمان كەلسە باشلايمىز.
تاپقاننى ئېلىپ چىقىپ،
داستىخانغا توپلايمىز.

ئەگۈس كۆكشى ناچارتى،
ئوتكۆنچى بىر دەۋرىدە،
ئالغا باستى بۇ كۆكشى،
كومپارتىيە دەۋرىدە.

كۆكشىمىزدا كادىرلار،
ئىنتىپاقى بەك ياخشى،
ئىمەر جۇرىن باشلامچى،
خىزمىتى ئەلگە ياختى.

زەپ چىرايلىق پىشىپتۇ،
ئەگۈس كۆكشى ئۈرۈكى.
ئەگۈستىكى دىخانلار،
كۆكشىمىزنىڭ تۈۋرۈكى.

مەن كىردىم توخسان ئۈچكە،
ياشلار ماڭا يەتمەيدۇ.
كوممۇنىستىك پارتىيە،
ئىسىمىزدىن كەتمەيدۇ.

يىگىسار شەرىپى نامىمىز،
ئەگۈس كۆكشى جايىمىز.
يۇرتۇم كاميا ئەر دادۇي،
تۇرغۇن ئوسمان ئاتىمىز.

## قوشاق

(3 - ئۇمۇمى يىغىندىن كېيىن دىخانلارغا يەر تەخسىم قىلىپ بېرىلىپ، مەھسۇلاتنى كوتىرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىمىز)

يەرنى بەردى دىخانغا،
خوشال - خورام ئىشلەيمىز.
كەتمەن چېپىپ تەر توكۈپ،
خامانغا ئاش دۆۋلەيمىز.

مول - هوسۇلنى ئاشۇرۇپ،
مۆكاپاتنى ئالىمىز،
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
كەڭ يول بىلەن ماڭىمىز.

قوغۇن تېرىدىم چونەكلەپ،
سويما چۆشتى چەچەكلەپ.
ياخشى يولغا باشلايدۇ،
پارتىيىمىز يېتەكلەپ.

ئەگۈسنى بوستان قىلغان،
ئەمگەكچىنىڭ قولى بۇ.
دىخانلارنى باي قىلغان،
كومپارتىيە يولى بۇ.

## كونا شاناز ئۇستەڭ هەققىدە قوشاق

كونا شاناز ئۇستەڭنى،
ئەسلەپ قوشاق توقۇدۇم.
يۈرىگىمدىن ئوتمۇشكە،
يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇدۇم.

يىگىمساردا شانازنىڭ،
بىر ئۇستىڭى بار بولغان.
ئالتە يامغۇرنى كورمەي،
يەتمىش يەردىن يا ئالغان.

كوك تاياقنىڭ دەستىگە،
سوڭگەشلەر ئۆلۈم بولغان.
توپاقيا دېگەن جايدا،
تۆگمەس زۇلۇم بولغان.

نىياز بەگ دېگەن زالىم،
كېچە ياتمىدى ئويلاپ.
قولىدا يوغان غولدا،
بىزنى ئۇرۇدۇ سويلاپ.

قېچىپ كەتكەن ئادەمنىڭ،
پۇت قوللىرى باغلانغان.
نەچچە مىڭلاپ يوقسىزنىڭ،
يۈرەك باغرى داغلانغان.

ئاجىزلارغا مەجبۇرەن،
ئون ئۇلاغدىن شاخ سالغان.
سۇنى ئۇتقان بەگ بوجاڭ،
كەمبەغەلنى داق سالغان.

## يېڭى ئۇستەڭ ھەققىدە قوشاق

يېڭى ئۇستەڭ ھەققىدە،
يېڭى قوشاق توقۇدۇم.
پارتىيىگە يۈرەكتىن،
يۈزمىڭ رەخمەت ئوقۇدۇم.

تەبىئەتنى يوگەنلەپ
غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدۇق.
باش قوغالىنىڭ يېنىدىن،
يېڭى تاش ئۇستەڭ ئالدۇق.

يېڭى چاپقان ئۇستەڭگە،
تاغ سۇلىرى باشلاندى.
بېشىمىزدىن غەم-ئەندىش،
مەڭگۈ ئېلىنىپ تاشلاندى.

ئۇستەڭ چاپقان ئەر-ئايال،
قىزىلگۈلدەك چىرايلىق.
ئىلغارلارنىڭ كوكسىگە،
قىزىل گۈللەر تاقاغلىق.

تاش ئۇستەڭنىڭ بويلىرى.
قاتار-قاتار كوچەتلىك.
مەدەت بەرگەچ پارتىيە،
بىز ئىشلەيمىز يۈرەكلىك.

پولات جۇردىن باش بولۇپ،
چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزدۇق.
ئىنتە كېسىپ ئۇستەڭگە،
تاغ سۈيىنى باشلىدۇق.

تاش ئۇستەڭنىڭ بويىدا،
لەپىلدەر قىزىل بايراق.
يېڭى چاپقان ئۇستەڭدە،
سۇ ئاقىدۇ ئويناقلاپ.

## توختى چوڭ

(قوشاق)

ماۋۇ نە دېسەم چاقا دەيدىيا،
ئەسكى ئىشەكنى چاپماس دېسەم چاپا دەيدىيا.
كولدىكى لەيلىگەن قارا لەشىمەكى،
پەشاۋانىنىڭ ئوگزىسىگە ئوغرى كەلدىمىكى.
توختى چوڭنىڭ ھويلىسىغا قامغاق بېسىلغان،
توختى چوڭنىڭ ئۈچ قىزى بار گۈلدەك

# چوچەكلەر

## تەدبىرلىك بالا

بۇرۇنقى زاماندا تۇرسۇن ئاخۇن دېگەن
بىر دېخان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مايسىخان
ئىسىملىك بىر چىرايلىق خوتۇنى بار ئىكەن.
بۇلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن، بى-
راق مايسىخان تۇغماس ئىكەن. ئەر ـ خوتۇن
ئىككىسى پەرزەنت كورۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىل-
دىكەن. ئاخىرى بىر بالا بېقىۋېلىشنى مەسلى-
ھەتلىشىپ ئىزدىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە تۇرسۇن
ئاخۇننىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىر ـ
دىن ـ بىر ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئادىل
يېتىم قاپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن "ئاكامنىڭ بالىسى
ئۆزەمنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلاپ،
ئۇ بالىنى بېقىۋاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئويى
جانلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ بالا كۈندىن ـ كۈنگە چېچەن، ئېقىللىق
بالا بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بىراق مايسىخان بولسا
"ئۆز ئۆشتۈمدىن بىر بالا تۇغسام نېمە دېگەن
ياخشى بولاتتى؟" دەپ ئويلاپ كۈندىن ـ كۈنگە
تۇغۇش ھەۋىسى ئېشىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ ئۈ-
چۈن: "باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ باقسام،
تۇغۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئويلاپ،
ئاخىرى رەمەت تاز ئاتلىق سەت قاسماق بىر
نىممىنى تېپىپتۇ. بۇنى چېچەن بالا سېزىپ قاپ-
تۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنى ئاياپ، بۇ ئىشنى
يۈزىگە سالماپتۇ.

دادىسىمۇ ئويىگە ئاخشىمى كەلمەيدىغان
يامان ئادەتنى تېپىۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ
ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى ئىناقلىق ئاستا ـ ئاستا
جېدەل ـ ماجراغا ئايلىنىپ غەۋغا ـ پاراڭ
تۈگىمەيدىغان بوپتۇ.

ئادىل بولسا بۇلارنىڭ ئائىلىسىنى
بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىناق قىلىشقا بەل
باغلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيدە ئۇن تۈگەپ قې-
لىپ تۇرسۇن ئاخۇن تۈگمەنگە بارماقچى بوپ-

چوڭ بولغان.

يىغلىمىسىلا دەناخان ئولتۇرمەيدۇ پالايدۇ،

توختى چوڭنىڭ ھويلىسىغا ئوتكەن ـ كەچ-
كەن قارايدۇ.

توختى چوڭنىڭ بارىدا دۆر ـ مەشۇتنى پاي-
تىما قىلغان دەناخان،

توختى چوڭدىن ئايرىلىپ تاغاركەيگەن دەنا-
خان، تىزەك تەرگەن دەناخان.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ چا بۇغدايغا توي-
دۇڭمۇ،

توختى چوڭ ئالدىراڭغۇ پالۋانلىققا توي-
دۇڭمۇ؟

ئالا پاچاق ئات مىنىپ چاپالمىغان توختى چوڭ،

دولىسىدا پەرەڭ مىلتىق ئاتالمىغان توختى چوڭ.

تۇ، بالىسى ئادىل دادىسىغا ئەگىشىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىر چىرايلىق چوكان بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان دادىسى، بالىسىنىڭ تەلىۋىگە ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى هارۋىنى قېتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىراق ئادىل چىچەن بولغاچقا، دادىسىغا بىلىندۇرمەستىن هارۋىنىڭ ئارقىسىغا تېڭىلغان بىر تاغار سامانىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ چىقىۋاپتۇ، بۇنى دادىسى كورمەپتۇ. تەڭ يولغا بارغاندا دادىسى ئاتنىڭ پۇتىنى چۈشەپ قويۇپ هارۋىنى توختىتىپ، يولغا يېقىن بولغان بىر بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنى بىر كېلىشكەن ئايال تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

بۇ ئىشلارنى ئادىل كۆزىتىپ، ھەممە ئەھۋالنى چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، دادىسى ئايال بىلەن خوشلىشىپ، هارۋىنى هەيدەپ يولغا چىقىپتۇ.

دادىسىنىڭ بۇ قىلىغىدىن ئادىل ناھايىتى رەنجىپتۇ. هارۋا ئازراق مېڭىپ دوڭدىن ئۆتۈشكە چۈشكەندە "قاراس" قىلىپ هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن نېمە قىلىشىنى بىلمەپتۇ، بېشى تازا قېتىپتۇ. چوت يوق بولغىنى ئۈچۈن هارۋا ئوقىنى ياسىيالماپتۇ، هارۋا بىلەن ئاشلىقنى يولدا تاشلاپ چوت ئەكېلىشكە تېخى بولماپتۇ. "قانداق قىلدىم؟! ۋاي، ئىستەي، بالام ئادىلنى ئالغاچ كەلگەن بولسام بوپتىكەن" دېيىشىگە بالىسى ئادىل يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن سەكرەپ قوپۇپ:

— مانا مەن دادا! سىز غەم يېمەڭ. مەن ئۆيگە بېرىپ چوتنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئۇچقاندەك ئۆيگە قاراپ يۈگرەپتۇ. دادىسى بولسا: "باياتىنقى ئىشلارنى بالام كورۇپ قالغانمىدۇ؟" دەپ قاتتىق ئىزا تارتىپتۇ ۋە: "بۇ ئىشلارنى ئاپىسىغا ئېيتىپ قويارمۇ؟! ئېيتىپ قويسا قانداق قىلارمەن" دېگەن ئەندىش بىلەن هارۋىنى بېقىپ قاپتۇ.

ئادىل تەرلەپ - تەپچىرەپ ھويلىسىغا كىرسە ئۆيىنىڭ ئىچىدىن گۈڭ - گۈڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئىشىككە يېقىن بېرىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن قارىسا ئاپىسى مايسىخان رەھمەت تاز بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇرغىدەك. تىت - تىت بولغان ئادىل: "قېنى، يەنە قانداق ئىشلار بولاركىن؟!" دەپ ماراپ ئولتۇرسا، ئاپىسى رەھمەت تازغا ئەكىلەپ:

— دېيىشمىگەن گەپ - سوز قالمىدى، دىسىلە ئەتە قەيەردە كورۇشىمىز؟ ... هازىر كېلىشىۋالايلى، — دەپتۇ. ئادىل بولسا: "گەپ مەيەدە ئىكەن تېخى! بۇلارنىڭ نېمىنى توختام قىلىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالايچۇ!" دەپ قۇلاق تىكىپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن تىڭشاپتۇ. رەھمەت تاز بولسا، هاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ئەتە تۇمشۇق تاغدىكى بىر پارچە يېرىمنى شۇدىگەر قىلىش ئۈچۈن بارىمەن ... سىز بىر لىگەن مانتا ئېلىپ چۈشكە ئۇلگۇرۇپ، شۇ يەرگە بارسىز - دە، شۇ يەردە بەھۇزۇر مۇڭدىشىمىز، — دەپتۇ. مايسىخان بولسا:

— مانتا سىزدىن ئايلانسۇن! سىزنى ئاسان تېپىشىم ئۈچۈن سىزدىن سوراي، كالىڭىزنىڭ رەڭگى قانداق؟ — دەپتۇ.

— كالامنىڭ رەڭگى ئالا. باشقىلارنىڭ كالىسى قارا، ئالا كالا بار يەرگە بارسىڭىز مېنى تاپىسىز، — دەپتۇ رەھمەت تاز.

— ئەمىسە گەپ شۇ. ئەتە مەن مانتا ئېلىپ شۇ يەرگە بارىمەن، — دەپتۇ مايسىخان.

بۇ ئىلتىپاتتىن خوشال بولغان رەھمەت تاز، مايسىخاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغاندا، ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن ماراپ تۇرغان ئادىل غەزەپلىنىپ

جالاقتىدە ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيگە كىرىپتۇ.

ئاپىسى مايسىخان بولسا بالىسىدىن ئىزا تارتىپ كېتىپ، يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ. رەھمەت تاز بولسا نەدە قىلىشىنى بىلمەي:

— مەن - مەن - مەن بۇ - بۇ - بۇقا سوراپ كەلگەن ئىدىم، — دەپتۇ - دە تالاغا چىقىپ ئىك-ۋېتىپتۇ. ئادىل بولسا ھېچ نەرسە كۆرمىگەن-دەك چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئاپىسىغا:

— مەن دادامغا ئەگىشىپ تۇگمەنگە بارغان ئىدىم، تەك يولغا بارغاندا ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ دادام ھارۋا ساقلاپ قالدى. مەن چوتقا كەلدىم، — دەپتۇ - دە چوتنى ئېلىپ يۇگۇرگەن پېتى چىقىپ كېتىپتۇ. مايسىخان بۇ ئەھۋالنى بالىسىنىڭ، دادىسىغا ئېيتىپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپتۇ. ئادىل بولسا، دادىسىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن بەك ئۆيۈلۈپتۇ، ئەمما ھېچ قايسىغا بىر - بىرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئېيتماپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ: "دادام بىلەن ئاپامنى قان-داق قىلىپ ياخشى يولغا باشلايمەن؟!" دىگەن مەسىلىنى ئويلاپتۇ. ئادىل بۇلارنىڭ بېقىۋال-غان بالىسى بولسىمۇ، بۇلارغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى خالىماي-دىكەن. شۇڭا، ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئەپلىك ياخشى بىر چارە تېپىپتۇ. بۇ چارە - تەدبىرنى قوللانسا خۇددى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇر-غاندەك بولىدىكەن.

دادىسى بىلەن ھارۋىسىنى تۈزەپ، ئۇنى ئارتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئادىل ئاپىسى مايسىخان بىلەن رەھمەت تازنىڭ كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن ۋاقتىغا توغ-رىلاپ، ئەتىسى ئۇمۇ تۇمشۇق تاغدىكى يەرنى شۇدىگەر قىلىش ئۈچۈن قوش قېتىپ بېرىشنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. دادىسى بولسا:

— سەن كىچىك، يەر ھەيدىيەلمەيسەن، — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئادىل ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئاخىرى دادىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە يەر ئاغدۇرۇشقا كۆندۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئاتا بالا ئىككەيلەن ئۆز يېرىنى ئاغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىراق بۇلارنىڭ كالىسى قارا كالا ئىكەن: "قارا كالىنى قانداق قىلىپ ئالا كالا قىلىش كېرەك؟!" ئادىل ئويلاپ، دەرھال بىر چارە تېپىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئاق كۆينىكىنى كالىنىڭ بىر تەرىپىگە باغلاپتىكەن، نېري-دىن قارىغان ئادەمگە ئالا كالا بولۇپ كۆرۈ-نۈپتۇ، رەھمەت تازمۇ ئىشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئارى-لىقى ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئوخشاش ئىككى كالىنىڭ قوش تارتىپ كېتىپ بارغان-لىقى يىراقتىن كۆرۈنۈپتۇ. رەھمەت تاز بىلەن مايسىخان ۋەدىلەشكەن چۈش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەپتۇ. مايسىخان ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ بىر لىگەن مانتا ئېلىپ رەھمەت تازنى يوقلاش ئۈچۈن بارسا، ئوخشاش ئىككى كالا تۇرۇ-دەك، قايسى كالىنىڭ رەھمەت تازنىڭ ئىكەنلى-كىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، بۇ ئىشنى ئاللىقاچان كۆزۈتۈپ تۇرغان ئېقىللىق ئادىل پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋاقىراپ:

— ۋاي ئاپا، بىز مايەردە، ئىتتىك كېلىڭ، قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپ ئاپىسىنى رەھمەت تازغا ئۇزلاشتۇرماستىن قىچقىرىۋاپتۇ. مايسىخان بىر لىگەن مانتىنى ئېلىپ ئېرى-نىڭ يېنىغا كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئىش-لارنى ماھىرلىق بىلەن قاملاشتۇرغان ئادىل ئاپىسىنى ماختاپ:

— ئاپام نېمە دىگەن ياخشى! قاراڭ دادا، بىر لىگەن مانتا ئېلىپ كەپتۇ، كېلىڭ ھە دادا، تازا مەززە قىلىپ يەۋېتەيلى، — دەپتۇ.

ئاپىسى مايسىخان بولسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، رەھمەت تازنى كۆرسىتىپ:

— بالام ئاۋۇ ئاكىمىزنىمۇ چاقىرىڭ. يەر

خۇشىنىسى بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ بىر - ئىككىنى يېسۇن، — دەپتۇ. دادىسى بولسا، تېز چاقىرىپ كەلگىن، تەڭ يەيلى، — دەپتۇ. بالىسى ئادىل مانا ئەمدى پەيتى كەلدى دەپ، ئويلىغان ئەپلىك چارە - تەدبىرنى مۇشۇ يەردىن باشلاپتۇ.

ئادىل رەھمەت تازنىڭ يېنىغا يۈگۈرەپ بېرىپ، مانتا يەڭ دىگەنىنىڭ ئورنىغا:

— ھەي ئوغرى، ساڭا جان لازىم ئەمەسمۇ؟ قاچ دەيمەن! قاچ جېنىڭنى قۇتقاز! — دەپتۇ. بۇ سۆزدىن ھاڭ - تاڭ قالغان رەھمەت تاز ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەپتۇ. ئادىل:

— ھەي ئوغرى، تۈنۈگۈن ئاپام بىلەن نېمىش قىلدىڭ بىلەمسەن؟ دادام بۇ ئىشنى بىلىپ قاپتۇ، ھازىر سېنى ئۆلتۈرىمەن دەپ چوتنى بىلەۋاتىدۇ. مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

رەھمەت تاز دەلغۇللا بولۇپ قاپتۇ. ئادىل قايتىپ بېرىپ دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— رەھمەتكامنىڭ بىۋقىسىنىڭ كەشكىنى بوشاپ قاپتۇ، دادىڭىز چوتنى ئېلىپ كېلىپ ياساپ بەرسۇن، ئاندىن بىللە بارساق دەپ سىزگە قاراپ قالدى، — دەپتۇ. دادىسى تۇرسۇن ئاخۇن چوتنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئادىل:

— ئۇنداق مېڭىپ قاچان بارىسىز، چوتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈگۈرەڭ! — دەپتىكەن، بالىسىنىڭ گېپىنى يەرمايدىغان تۇرسۇن ئاخۇن بولىشىچە يۈگۈرەپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇننى باياتىن كۈزۈتۈپ تۇرغان رەھمەت تاز، مانا ئەمدى ئۇ مېنى چانىۋېتىدىغان بولدى دەپ قورقۇپ، قوش - كالىلىرىنى تاشلاپ ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالغان تۇرسۇن ئاخۇن:

— نەگە بارىسەن؟ توختا! — دەپ ۋاقىراپتۇ. رەھمەت تاز شۇ قاچقىنىچە ئۆيىگە بېرىپ توختاپتۇ. بۇ ئارىلىقتا ئاپىسى مايسىخان سۇغا كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئادىل ئاپىسىنى قورقۇتۇپ:

— ھە - ئاپا، سىزگە جان كېرەك ئەمەسمۇ؟ دادام سىزنىڭ ئەسكى ئىشىڭىزنى بىلىپ قاپتۇ. (قويۇندەك قېچىپ كېتىپ بارغان رەھمەت تازنى كۆرسىتىپ) كۆردىڭىزمۇ؟ ... دادام رەھمەت تازنى قېچقىرىپ كېلىشىنىڭ ئورنىغا چانايمەن دەپ چوتنى كۆتۈرۈپ، قوغلاپ ماڭدى، رەھمەت تاز قېچىپ قۇتۇلدى، سىز تۇرامسىز؟ ...... قېچىڭ - تېز قېچىڭ! جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ! بۈگۈن دادامنىڭ پەيلى بەك يامان. بۈگۈن "ئاپاڭنى ئۆلتۈرۈۋاتىمەن!" دەپ چالۋاقاپ كەتتى. دادام بۇ يەرگە كەلگىچە تېزدىن قېچىپ قۇتۇلۇڭ! — دەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن مايسىخان قورقۇپ شۇنداق قېچىپتىكى، نەچچە يەردە يىقىلىپ - قوپۇپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇن ئاخۇن ئۆز ئېتىزلىقىغا قايتىپ كەپتۇ، قارىسا خوتۇنى قېچىپ كېتىپ بارغىدەك. ھەيران بولغان تۇرسۇن ئاخۇن بالىسىغا قاراپ:

— بالام، ئاپاڭ نېمە بوپتۇ؟ يولدا بىرەر نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمۇ - يە؟ نېمە ئانچە يۈگۈرەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆتنىڭ تېگىدىن بىر توشقان چىقىپ مايسىخان قېچىپ كېتىپ بارغان تەرەپكە يۈگۈرەپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئادىل دەرھال خوش بولۇپ:

— دادا، ئاۋۇ توشقاننى تۇتۇپ بېرىڭ! — دەپتىكەن، تۇرسۇن ئاخۇن توشقاننى "تۇتىمەن" دەپ قوغلاپ يۈگۈرەپتۇ. بۇنى كۆرگەن مايسىخان: تۇرسۇن مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشۈنۈپ نەچچە يەردە يىقىلىپ - قوپۇپ ئاخىرى ئۆز دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توختاپتۇ. توشقان تۇتۇق بەرمىگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئاخۇن قايتىپ كېلىپ بالىسىغا:

— بالام، ئاپاڭغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە بولاتتى، ئاپام سىزنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەدەپسىزلىكىڭىزنى بىلىپ قاپتۇ. شۇڭا، دادامنىڭ ھېلىقى بوستانلىقتىكى خوتۇنى بىلەن ئۆتسۇن، مېنىڭ بۇنداق ئېرىم يوق، نەچچە يىلدىن بېرى ئىشەنگىنىم قېنى؟ دەپ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى، — دەپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن بولسا بۇ ئىشتىن ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ ھەم بالىسىدىن خىجىل بوپتۇ. ھېلىقى مانتىنىمۇ كېلىدىن ئۆتمەپتۇ.

ئادىل بولسا ئۆزى قوللانغان تەدبىرنىڭ ناھايىتى جايىدىن چىققانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ مانتىنى راسا يەپتۇ. ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئاپىسىنىڭ ھەم دادىسىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. غەم يېمەپتۇ. بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كې ـ يىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۇشاي ـ مان قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئادىل ئاپىسى ـ نىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئاپا، دادام سىزنى كەچۈردى، ئىككىنچى شۇنداق قىلىقنى قىلمىسا. توۋاقىلسا گۇنايىدىن ئۆتىمەن دەيدۇ. سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ.

مايسىخان ناھايىتى خوش بولۇپ:

— ئىككىنچى شۇنداق ئەسكىلىكنى قىلمايمەن، توۋا قىلدىم، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— ئەمىسە بۈگۈن بېرىپ دادامغا يەنە بىر قېتىم ئوبدان يالۋۇراي، راستىن ماقۇل بولسا ئەتە ھارۋا ئەكېلىپ ئەكىتەي، بولامدۇ؟ — دەپ يېنىپتۇ.

ئاپىسى خۇشاللىق بىلەن:

— ماقۇل، — دەپتۇ. ئاپىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ دادىسىغا:

— ئاپام سىزنى ئەپۇ قىلدى، ئىككىنچى شۇنداق سەت قىلىق قىلمىسا. قايتىپ بېرىپ ئىشىمنى قىلىمەن دەيدۇ. سىز نېمە دەيسىز؟! — دەپتۇ.

دادىسى ناھايىتى خوشال بولۇپ:

— بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيمەن. توۋا قىلدىم بالام، — دەپتۇ. ئادىل دەرھال ھارۋىنى قېتىپ بېرىپ ئاپىسىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ خوشال بوپتۇ ھەم خىجىل بوپتۇ. ئادىلنىڭ تەدبىرى بىلەن ئاتا ـ ئانا ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك دەپ چۈشىنىدىكەن، ئادىل ئاتا ـ ئانىسىنى جەم قىلغاندىن كېيىن رەھمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— دادام سېنى ئەپۇ قىلدى. ئىككىنچى ئەسكىلىك قىلمىسۇن، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزمىسۇن، بىز يەنىلا ياخشى يەر خوشنىسى بولىمىز، دەيدۇ، — دەپتۇ.

رەھمەت بولسا:

— توۋا قىلدىم، ئەمدى ئەسكىلىك قىلماي ـ مەن، ياخشى ئادەم بولىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ ـ تۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادىل ئۆزى تاپقان چارە ـ تەدبىر ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يارى ـ ماس قىلىقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىگە تونۇتۇپتۇ. شۇندىن بۇيان بۇ ئائىلە ساغلام، ئىناق، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيىسىدىن روزى ئاخۇن.

خاتىرىلىگۈچى: ئەمەت نۇرى

# بەگ بىلەن مالاي

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، مېھماندارچىلىقتىن خالى بولماي يۈرىدىغان بىر بەگ ھەم ئۇنىڭ مالىيى بار ئىكەن. بەگ مالىيىغا رەھىم قىلمايدىغان زالىم ئىكەن.

بىچارە مالاي، بەگ ھەر قانچە ھاقارەتلىسىمۇ كوتۇرۇپ، بۇيرىغان ئىشنى كوڭۇل قويۇپ ئىشلەيدىكەن. بەگ قايەرگە بارمىسۇن مالىيىنى ئاپارماي قالمايدىكەن. بىراق بارغان يېرىدە مالىيىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، ئاتھارۋىغا قاراتقۇزۇپ قويۇپ ئاچلىقتىن ئازاپلايدىكەن. بەزى ساھىپخانىلار:

— مالايلىرى ئۆيگە كىرىپ غىزا يەۋالسۇن! — دېسە، بەگ رەنجىپ:

— بولدى، كايىشمىسىلا، مەن غىزا يېسەم، ئۇمۇ يېگەندەك بولىدۇ. — دەيدىكەن. مالىيىنىڭ مېھمانلار بار ئۆيگە كىرىشىنى نومۇس كورۇدىكەن. مالاي بەگنىڭ بۇ ئىشىنى قوساققا سېلىپ قويۇدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراق بىر شەھەرنىڭ بېيى بەگنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. زىياپەتكە بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان بەگ، ئۇ يەرنىمۇ قولدىن بەرمەي يەنە ئىككى ئاتلىق بولۇپ مالىيى بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ، كوپ ماڭدىمۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم، بۇلارنىڭ يولى جاڭگاللىقتا بىر چوڭ دەرياغا كېلىپ توقۇلۇپتۇ.

بەگ ئۆزىنىڭ ئاتقا پىشمىغانلىقى بىلەن ھېساپلاشماي، ئېتىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، باشتىلا دەرياغا چۈشۈپتۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن دەريا كۆچلۈك دولقۇنى بىلەن بەگنى ئۆرۈپتۇ — دە ئاتتىن ئاجرىتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆلۈم قوينىغا كىرىپ كېتىپ بارغان بەگ جېنىنىڭ بېرىچە:

— ۋاي مېنى تۇت، چاپسان تۇت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەگنىڭ قىلغانلىرى جېنىغا راسا پاتقان مالاي قولىنى كوكسىگە ئېلىپ "ئېھتىرام" بىلەن:

— ۋاي بېگىم، رەخمەت. ئۆزلىرى ئاقسىلا، خۇددى مەن ئاققانغا ئوخشاش، — دەپ دەريا قىرىدا تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بەگ قانچە قىلسىمۇ بولماپتۇ. ئاخىرى بىر ئاز ئېقىپ سۇغا غەرق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ۋە مالاي زالىم بەگنىڭ ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئانارخان

يېزىۋالغۇچى: ئا. رۇستەم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەيرىنىسا سىيىت

# ئالتۇن تاغ

قەدىمقى زاماندا مەلۇم بىر جايدا دۇنياغا مەشھۇر بىر تاغ بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، لەئلى-ياقۇت، گوھەر قاتارلىق ئېسىل تاشلار ھەسابسىز بولۇپ بۇ، ئالتۇن تاغ دەپ ئاتىلىدىكەن. مۇشۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئالتۇن تاغنىڭ سىرىنى پادىشادىن تارتىپ پۇقراغىچە ھەممە كىشى بىلگەن بولسىمۇ، تاققا چىقىپ ئەشۇ بايلىقلارنى ئېلىپ چۈشۈش ئۈچۈن يول تاپالماپتۇ. تاغنىڭ ئېگىزلىگى بۇلۇتقا تاقىشىدىكەن. ئۇ تاققا بىرەر كىشى چىققاننى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ئادەممۇ يوق ئىكەن، بۇ شەھەردە جاۋاھىرپۇرۇشلۇق قىلىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كېچە-كۈندۈز "ئالتۇن تاققا چىقىپ، بارلىق دۇنيانى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆز غەزىنەمگە توپلاپ دۇنيادىكى ئابرويلۇق چوڭ بايلار قاتارىدا شۆھرەت قازانسام" دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن، لېكىن زادى مەقسىدىگە يېتەلمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، دۇكىنىدا جاۋاھىرات سېتىپ ئولتۇرسا، بىر ئاقساقال بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، ماۋۇ تۇلۇمنى ساتاي، ئېلىپ قويامسىز؟ تۇلۇمنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، تۇلۇمغا بىر نەرسە ئالسىڭىز قاچا بولىدۇ، "ئۇچۇڭ تۇلۇم، ئۇچۇڭ!" دېسىڭىز، قانچە ئېگىز جاي ۋە تاغ بولسىمۇ ئۇچۇپ چىقالايدۇ. لېكىن ئۇچۇپ قايتىپ چۈشۈشكە قولايسىز، — دەپتۇ.

جاۋاھىرپۇرۇش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، تۇلۇمنىڭ باھاسىنى پۈتۈشۈپ سېتىپ ئاپتۇ. كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، تۇلۇمغا جىق تاش ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ، "ئۇچۇڭ تۇلۇم، ئۇچۇڭ!" دەپتىكەن. تۇلۇم ئۇچۇپ بالىخانىنىڭ ئوگزىسىگە چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇلۇمنىڭ ئالتۇن تاققا ئۇچۇپ چىقىشىغا كۆزى يەتكەن جاۋاھىرپۇرۇش ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، تاغدىكى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن باي بولۇشنىڭ بىر ھىلىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ ۋە مەدىكار بازىرىغا بېرىپ بىر مەدىكارنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى بىرنەچچە كۈن ئوبدان بېقىپ، كۆڭلىنى تازا ئۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇلۇمنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئالداپ تۇلۇمغا كىرىشكە كۆندۈرۈپتۇ. مەدىكار تۇلۇمغا كىرگەندىن كېيىن، جاۋاھىرپۇرۇش: "ئۇچۇڭ تۇلۇم، تاققا چىقىڭ!" دەپتىكەن، تۇلۇم مەدىكارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ تاققا چىقىپتۇ.

مەدىكار تۇلۇمدىن چىققاندىن كېيىن، جاۋاھىرپۇرۇش ئۇنىڭغا:

— تۇلۇمنى ئالتۇنغا تولدۇرۇپ يەرگە تاشلاڭ. ئاندىن سىزنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويىمەن، — دەپ توۋلاپتۇ. مەدىكارلىق، ئالتۇن تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى يەرگە تاشلاپ بېرىپتۇ. جاۋاھىرپۇرۇش تاغىرىنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي، شەھەرگە قاراپ بەدەر كېتىپتۇ. مەدىكار تاغ ئۈستىدە ئاچ-ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدىن ئۆلۈپتۇ. مۇشۇ ھە-

لە بىلەن جاۋاھىر پۇرۇش ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە بىر نەچچە يۈز ياش يىگىتلەرنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلىپ، قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى جاۋاھىرپۇرۇش بازارغا بېرىپ، كونا ئادىتى بويىچە يەنە جار سېلىپتۇ. بۇنى بىر يېتىم بالا ئاڭلاپ:

— باي ئاكا! — دەپتۇ ئۇ يالۋۇرۇپ، — ئاتا-ئانام يوق، يېتىم بالىمەن. مېنى قوبۇل قىلىڭ!

باي بۇ يېتىم بالىنى تاغ تۈۋىگە ئاپىرىپ، ئادىتى بويىچە تۇلۇمغا سولاپ تاققا چىقىرىپتۇ. تۇلۇم بىلەن ئالتۇن-كۈمۈشنى تاشلىتىپ ئالغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ. يېتىم بالا ھەر قانچە تولاپ، يىغلاپ يالۋۇرسىمۇ قۇلاق سالماپتۇ. بالا ئەتراپقا قارىسا، ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرى تاغ ئۈستىدە سايىنىڭ تېشىدىن تولاراق ياتقىدەك. بۇنى كۆرگەن بالا شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنى باينىڭ ھىلە بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ۋە: "خەپ، تىرىكلا بولسام، سېنىمۇ تۇلۇمغا سولاپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىسام" دەپ ئويلاپ، قورسىقى ئاچسا ئوتنىڭ يىلتىزىنى يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۈيى ئىچىپ، تاغ ئۈستىدە بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، تاغ باغرىدا ئېقىۋاتقان دەريانى كۆرۈپتۇ-دە، تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. سۇ ئېقىتىپ، دەريانىڭ ئۇيانقى قېشىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ. بالا ئۆيگە كېلىپ، كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرتۈپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاھىرپۇرۇشمۇ يېتىپ كەپتۇ ۋە يەنە ھېلىقى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاققا قاراپ مېڭىپتۇ. تاغ تۈۋىگە كەلگەندە، بالىغا:

— ئۇكام ماۋۇ تۇلۇمغا كىرىڭ. مەن سىزنى بىر ئىشارەت بىلەن تاققا چىقىرىپ، بىر ئىشارەت بىلەن تاغدىن چۈشۈرىمەن! — دېگەندە، بالا:

— باي ئاكا، مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ، تۇلۇمغا كىرىشنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇپ قالدىم. ئاۋال ئۆزلىرى كىرىپ كۆرسىتىپ قويسىلا، ئاندىن مەن كىرەي! — دەپتۇ.

جاۋاھىرپۇرۇش:

— كۆرۈپ تۇر، تۇلۇمغا مۇنداق كىرىدىغان. — دەپلا تۇلۇمغا كىرىپتۇ. بالا تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ:

— ئۇچۇڭ تۇلۇم، تاققا ئۇچۇڭ! — دېگەندە، تۇلۇم باينى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، تاغ تۆپىسىگە چۈشۈپتۇ. باي تۇلۇمدىن چىقىپ، ئەتراپتىكى ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. بالا يەردە تۇرۇپ:

— ھەي باي، ئۆتكەن نۆۋەت تۇلۇمغا كىرىپ، تاققا چىققان مەن بولىمەن. كۆرۈپ قوي، قىلغان ھالەكىنى بىلىپ قوي! — دەپ ۋاقىراپ، باينىڭ خېچىرىنى مىنىپ، شەھەرگە قايتىپتۇ. جاۋاھىرپۇرۇش باي ئالتۇن تاغ چوققىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

ئاقسۇ يېڭى شەھەردىكى يۇسۇپ ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن.

چاۋار يۇسۇپ رەتلىگەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى. خەيرىنىسا سىيىت

# تەخەي پادىشا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۇزۇن يىللارغىچە ئوي - ئوچاق بولۇپ بىرمۇ بالا كورمەپتۇ. بىر كېچىسى بۇ ئەر - خوتۇن تاڭ ئاتقىچە خۇداغا نالە قىلىپ بالا تىلەپتۇ، "ئەي، تەڭرى، ئىتقا بەرسەڭ كۈچۈك، ئىشەككە تەخەي، مۈشۈككە بەرسەڭ ئاسلان، گەر بىزگە ئادىمىزاتتىن بولمىسىمۇ، شۇ مەخلۇقلاردىن بولسىمۇ مەيلىتى، بىر بالا بەرسەڭ ئىدىڭ" دەپ زار - زار يىغلىشىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ خوتۇن ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ئاي - كۈنى توشۇپ بىر تەخەي تۇغۇپتۇ. بۇلار بالا كورمىگەنلىكتىن تەخەي بولسىمۇ، ئۆز بالىسىنى ياخشى كورۇپ تەربىيىلەپ ئۇستۇرۇپتۇ. تەخەي ئوغۇل چوڭ بولۇپ: "مېنى ئويلەپ قويۇڭلار!" دەپتۇ. تەخەي ئوغۇلغا باشقىلارنىڭ قىزىنى بېرىش - بەرمەسلىكتىن ئەر - خوتۇننىڭ بېشى قاتقان بولسىمۇ ئوغلىدىن:

— ئوغلۇم، كىمنى ئالىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ

— مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئوغلى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەرۋايى پەلەككە ئۇچۇپتۇ.

— ۋاي بالىمىز، بىز كەمبەغەل تۇرساق، ئۇلار پادىشا تۇرسا، قانداق قىلىپ قىزىنى بىزگە بەرسۇن؟ باشقا يەردىن ئويلەپ قويايلى. — دېيىشىپتۇ ۋە يالۋۇرىشىپتۇ ئاتا - ئانىسى.

تەخەي ئوغلى ئۇنۇماپتۇ. ئاتا - ئانىسى قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئولتۇرغاندا ئوغلى كىرىپ:

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرامسىلەر؟ كالىنى ھارۋىغا قوشۇپ پادىشانىڭ ئوردىسى ئالدىدىن بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا يېتىلەپ نەچچە قېتىم ئۆتۈڭلار. ئاندىن ئىش پۈتىدۇ، — دەپتۇ ئوغلى.

ئوردا ئالدىدىن نەچچە يېتىلەپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان كالا ھارۋىسىنى كورۇپ قالغان پادىشا ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:

— ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان كالا ھارۋىلىق ئىككى ئادەمنىڭ نېمە دەردى بار ئىكەن. چاقىرىپ كىرىڭلار، نېمە بولسا بىجا كەلتۈرۈمىز، — دەپتۇ.

ئۇلار پادىشانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گەپ قىلالماي يىغلىشىپلا تۇرۇۋاپتۇ. ئاندىن پادىشا قىستاپ سورىغاندىن كېيىن:

— پادىشاھىمىز بىر قوشۇق قىنىمىزدىن ئۆتسە ئېيتىمىز، — دېيىشىپتۇ.

پادىشا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن مۇددىئاسىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشا ۋەدە بېرىپ قويغانلىغىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇلارغا تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ قويساق يالتىيىپ قالار دېگەن يەرگە كەپتۇ.

— قىزىمنى بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن بىر تاۋاق ئالتۇن، بىر تاۋاق كۈمۈش، بىر تاۋاق يامبۇ ۋە دۇنيادىكى بارلىق جان - جانىۋارلارنى بىردىن ئېلىپ كېلسىلەر. قىزىمنىڭ تويلىغى شۇ، — دەپتۇ پادىشا.

ئەر - خوتۇننىڭ بېشى سىلىنىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئوغلى ئاتا - ئانىسىدىن پادىشانىڭ تويلۇقلىرىنى ئاڭلاپ:

— ھېلىمۇ پادىشا ھېچ نېمە دېمەپتۇ. بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دەپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ ئۈچ تاۋاقا تاش تولدۇرۇپ بىرلا "سۇف!" دىگەن ئىكەن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يامبۇلار ھازىر بوپتۇ. ئاندىن ئاتا - ئانىسىغا قاراپ:

— بۇنى ئېلىپ بېرىڭلار ۋە جان - جانىۋارلار كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ، دەڭلا، — دەپ، كالا ھارۋىسى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى يەنە پادىشانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

پادىشا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يامبۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ "ئەندى جان - جانىۋارلار قېنى؟" دەپتۇ.

موماي بىلەن بوۋاي "ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ" دېيىشىگە دۇنيادىكى بارلىق جان - جانىۋارلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئاندىن پادىشا بۇنىڭ بىر ھېكمىتى بار دەپ سېزىپ، قىزىنى دەرھال كالا ھارۋىسىغا سېلىپ بېرىپتۇ. كېلىننى ھوجرىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ "ئوغلىمىز تەخەي تۇرسا بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار" دەپ ئەنسىرەشتە قالغان ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشىكنى ماراپ تۇرۇشۇپتۇ. ئوغلى ئۈستىدىكى تېرىسىنى تاشلاپ ئاجايىپ بىر كېلىشكەن يىگىتكە ئايلىنىپ قىز بىلەن بىللە بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا يىگىت يەنە تەخەي تېرىسىنى كىيىۋېلىپ يۈرۈپتۇ. كەچتە بىر ۋەزىر "يىگىت بىلەن قىزنى پادىشا چايغا چاقىرىدۇ" دەپ خەۋەر قىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز چايغا بېرىشقا تەييارلىنىش ئالدىدىن گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— ئاتاملارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا تېرىڭىزنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ بارسىڭىز، — دەپتۇ قىز.

— ياق، مەن تېرەم بىلەن بارىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

بۇلار كېلىشەلمەي ئۇخلاپ قاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا قىز ئاستا تۇرۇپ ئېرىنىڭ تېرىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىۋېتىپتۇ. يىگىت چۆچۈپ ئويغىنىپ، دەرھال كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ تۈڭلۈكتىن چىقىپ، قىزغا:

— ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ! ئەندى سەن مېنى دىسەڭ، تۆمۈر ھاسساڭ ئۇپرىغىچە، تۆمۈر كەشىڭ تېشىلگىچە ئىزدىسەڭ ئاندىن تاپالايسەن، — دەپ پۇررىدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قىز ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ۋەقەدىن ۋاقىپ بولغان پادىشا بىر تۆمۈر ھاسا ۋە بىر تۆمۈر كەش ئەتتۇرۇپ قىزىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىز ئايلار، يىللار مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا كەشى تېشىلىپ، ھاسىسى ئۇپراپ، ھەتتا ئورە ماڭالمايدىغان بولۇپ، تۆت ئاياغلاپ مېڭىپ بىر يول بويىغا بارغاندا ھوشىدىن كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە قىز ھوشىغا كەلسە بىر مەيە پەيدا بولۇپ، ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئېرى چۈشۈپتۇ.

— مېنى دەپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن يەنە قوبۇل قىلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

يىگىت بىلەن قىز يەنە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىپ، يىگىت قىزنى قىرىق كېچە قاراڭغۇ ئۆيدە، قارا قوي گۆشىدە بېقىپ، بۇرۇنقى ئىسكەتىگە كەلتۈرۈپ ئاندىن پادىشانىڭ ئوردىسىغا چايغا بېرىپتۇ. كۈيوغلىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەن پادىشا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ پادىشالىقىنى كۈيوغلىغا بېرىپتۇ. لېكىن بارلىق خالايىق بۇ يېڭى پادىشانى تەخەي پادىشا دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بارات ئەمەت،

يېزىۋالغۇچى: قۇربان روزى،

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەيرىنىسا سىيىت

# ھەۋزىخان

(كىچىك خەلق داستانى)

كەپنى قىلماي بېشىدىن،
ئارىغوللۇق ① ئابدۇللا.
باغېرىقلىق ② ھەۋزىخان،
ئىككى غېرىپ قۇر بېشىدىن.
ئاڭلا خالايىق بىزلىدىن،
يىتىم مۇساپىر ئىشىدىن.
يۇز بېشى باھاۋۇدىن،
كېلىپ شەنبە كۇنلۇكتە.
قوساقلىرىنى كېرىپ،
كاللىرىنى خى - خى قىلىپ.
يۇسۇپ مىراپ بېگىمنى،
تەكلىپ قىلدى ئويىگە.
دۇشەنبە كۇنلىرى ئوتۇپ،
يۇسۇپ مىراپ بېگىم بىلەن.
ئابدۇللاخۇن ئاق بورۇت،
چىقتىنىدا باغېرىققا.
يۇز بېشىنىڭ ھويلىسىدا،
ئايۋىنىدا ئولتۇرۇپ.
كات ③ توپىسىدە ئولتۇرۇپ،
ئابدۇللاخۇن ئاق بورۇت.
ئار سوكۇگە كوز قويۇپ،
قوپۇپ ماڭدى تالاغا.
ھەۋزىخان دىگەن چوكان،
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ،
كەينىدىن يىتىپ چىقتى.
چوڭ داۋۇزىنىڭ تۇۋىدە،

ئابدۇللا بىلەن تېپىشتى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بورۇت،
بورۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ھەۋزىخان،
ئىككىمىز ھايات تۇرۇپ،
ۋاقتىمىزنى ئاتتۇرۇپ،
ئومىر بۇنداق ئوتكەيمۇ؟ —
دىگەن سوزنى ئاڭلاپلا،
ھەۋزىخان دىگەن چوكان،
تولغاپ باشنى بويان:
— ئانداق بولسا ئابدۇللا،
ھەممە ئىشقا سەن گۇۋا،
ئېرىمدىن ئاجراشقىلى،
ئالتاي بولدى تۇرغىلى، —
دىگەن شۇ زامانلاردا.
ئابدۇللاخۇن ئاق بورۇت:
— ئانداق بولسا ھەۋزىخان،
بىر ئويدە بولۇپ قالساق.
ياخشىلىقنى تەڭ تارتساق. —
دىگەن سوزلەرنى ئاڭلاپ،
ھەۋزىخان دىگەن چوكان:
— ئوبدان بولدى ئابدۇللا،
كوڭلۇم تولدى ئابدۇللا،
دادام ساڭا بەرمەيدۇ.
ئوز كەپنى يەرمايدۇ.
ئونبەش كۇندىن كېيىن چىق،

قاچايلى بىز ئابدۇللا، —
دەپ ئىككىسى پۈتۈشتى.
ئۇنبەش كۈنمۇ خوپ ئۆتتى،
ھەۋزىخان شۇنى كۈتتى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
بىر ئاتقا مىنىپ چىقتى.
باشقا كېلەر بالانى،
دىلىدىن بىلىپ چىقتى.
ھەۋزىخان دىگەن چوكان،
سۇغا ماڭغان ۋاختىدا،
يول ئۈستىدە تېپىشتى.
— ئۇبدانغىنا چىقىپسىز،
جېنىمغىنا ئابدۇللا،
تومۇچىغىم ئابدۇللا،
رازىخان ئاچام ئۆيدە،
بىردەم كۈتۈپ ئولتۇرۇڭ.
مەن سۇنى ئاپىرىپ قويۇپ،
ئۆزەمنى جەسىرەپ ④ كېلەي.
بوغچىمامنى ئەپ كېلەي. —
شۇنداقىغىنا دەپ قويۇپ،
سۇنى ئاپىرىپ قويۇپ،
ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى.
— بىردەمغىنە ئولتۇرۇڭ،
جېنىمغىنا ئابدۇللا.
رازىخان ئاچام بىلەن،
ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي. —
شۇنداقىغىنە دەپ قويۇپ،
رازىخان بىلەن كەتتى.
ئىشىك ئالدىغا بارغاندا،
رازىخان دىگەن مەزلۇم،
تامدىن ئۆگزىگە يەتتى،
تۈنۈك بېشىدا ئولتۇردى.
ھەۋزىخان چوكان ئۆزى،
بوغچىمىسىنى چەگدى.
ئۆيان - بۇيان تىك - تەڭلاپ،
تۈنۈكتىن سۇنۇپ بەردى.
رازىخان شۇئان ئېلىپ،
تامدىن يەرگە سەكرىدى.
ھەۋزىخان دىگەن چوكان،
ناز قىلىپ ئۆيان - بۇيان،
داۋۇزدىن ئۇدۇل چىقتى.
رازىخاننىڭ ئۆيىدىن،
نامازشامدىن ئۆتكەندە،
ئاتقا مىنگىشىپ قاچتى.
ھەي ھەۋزىخان - ھەۋزىخان،
مەن - مەن دەيسىز ھەۋزىخان.
ئىش تېگىنى بىلمەيسىز،
چوڭ گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان.
ھەي - ھەي قوزى ھەۋزىخان،
سىزگە ئىزا ئەمەسمۇ.
تەقدىر ئاللا ھەق - راسمۇ،
ئەندى گەپنى سىز ئاڭلاڭ.
ئىش تېگىنى سىز چاغلاڭ.
ئابدۇللا ھەم ھەمراخان،
ئاتلىق باغدا دالدىدا،
دىگەن شۇ زامانلاردا.
ھەۋزىخان قوپۇپ بېرىپ،
قاش - كىرپىكنى يېرىپ.
ئەگىنىدىن قارىسا،
تازا زەڭ سەپ مارىسا،
ئىككەيلەن راس بولتۇرغان.
باغ - باغ ئېتىپ ئىككىسى،
قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان.
ئاللا ئاللا ھەق ئاللا.
دوغا چۈشكەن ياش باللا.
ھەۋزىخاننى كول قىلىپ،
ئىنساۋنى ساتقانلا.
ھەي ھەۋزىخان ھەۋزىخان،
ئاسمان ئورلەي دەمدۇ؟
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،

قانغا ئۇرسىلەي دەمدۇ؟
ھەۋزىخان ئېغىر بېسىق،
كوكسىدىن نەپەس ئېلىپ،
ئويىگە يېتىپ كەلدى.
چوغقا قويۇپ چوگۈننى،
داستىخاننى سېلىپ قويدى.
ئابدۇللانى چاقىرىپ،
سىنچاينى قويۇپ ئالدىن،
ۋەقەنى بايان قىلدى:
— ھەي ئابدۇللا، ئابدۇللا،
ئىنساپنى — ئەقىدەڭنى.
يۈندىغا ئوبدان چىلاپ،
يەپ تۈگەتكەن ئابدۇللا.
ئۆزۈك قالمايدۇ يەرلەردە،
خوتۇن قالمايدۇ زەيلەردە.
بىلىپ قويغىن ئابدۇللا،
بىلىپ قىلغىن ئابدۇللا.
مەن ساڭا تېگەر چاغدا،
قېچىپ كەتكەن ئابدۇللا.
سەن مېنى ئالار چاغدا،
راس قىزىغان ئابدۇللا.
يۈزۈمگە ئاياق قويدۇڭ،
يۈندىغا تازا تويدۇڭ.
ئەمدى ساڭا نىم بولدى،
كوڭلۈڭ قاچان بۇزۇلدى؟ —
دىگەن شۇ زامانلاردا.
ئاق بۇرۇتلۇق ئابدۇللا،
بۇرۇتىنى قويلۇتۇپ(5)
كوزلىرىنى ئوينۇتۇپ:
— جىق گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
سارا(6) سالماڭ ھەۋزىخان.
قېلىچ سالسىمۇ كەسمەيدۇ،
ئوق ئاتسىمۇ تەگمەيدۇ، —
دەپ قويۇپلا ئابدۇللا،
دوق قىلىپلا ئارانلا.

ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى،
ئۈچ كۈنمۇ ئوتۇپ كەتتى.

× × ×

ئارىغا ئىزا چۈشتى،
مەن-مەن دەيسىز ھەۋزىخان.
سىزگە ئىزا بولمامدۇ،
مەن-مەن دەيسىز ھەۋزىخان.
كولچەك بېشىدا ئولتۇرسا،
ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان.
بۇنى ئاڭلاپ ھەۋزىخان،
يايداق ئاتتەك چاپىرىغان.
كەسكەن ئۇننى تاشلاپلا،
قولىغا پىچاقنى ئېلىپ قوپتى:
ئوگزىگە چىقىپ قاراپ،
تامدىن باققا سەكرىدى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت.
تامدىن سەكرەپكىنە قاچتى.
ھەمراخان يۈگرەپ بېرىپ،
ساخالغا(7) يامىشىپ قالدى.
ھەۋزىخان يېتىپ بېرىپ،
بوراندەك ئۇچۇپ بېرىپ.
بورىدەك چاڭگال سېلىپ،
چېچىدىن تۇتۇپ ئالدى.
ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇپ،
مەيدىسىگە مىنىپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ھەمراخان،
راستىڭىزنى دەپ بېرىڭ!
ئولتۇرەي دەپ ئىزادا،
نىيەتنى بۇزۇپ كەلدىم.
بىز ئىككىمىز ھەمراخان،
بىر مەكتەپتە ئوقۇغان.
بىر جام سۇنى تەڭ ئىچىپ،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
بىر نان تاپساق تەڭ يىگەن،
ئاتا-ئانىنى كورگەن.

ئەندى بۇ چاغ بۇ ئالەم،
كوكۇل كەينىگە كىرىپ،
يالاقتىن سۆكەك تېرىپ،
يۈزۈمگە ئاياق قويدۇڭ.
نىمە دەيسەن ھەمراخان، —
دىگەن شۇ زامانلاردا.
ھەمراخان دىگەن موك - موك،
— بىر قوشۇق قىنىم تىلەي.
تېرىقچە جېنىم تىلەي.
ئاچچىغىڭغا ھاي بەرگىن،
بىچارىگە يول بەرگىن،
مەن راستىنى دەپ بېرەي.
قۇرئان قۇچاغلاپ بېرەي، —
ھەمراخان شۇنداق دىدى،
ھەۋزىخان قوپۇپ توردى.
بۇ چاغ ئۇ ئۇيان ئويلاپ،
ھەمراخان قوپۇپ قاچتى.
خۇدا ئۇرغاننى ئۇرغاندەك،
تال چىۋىققا پۇتلاشتى،
تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى.
ھەۋزىخان يېتىپ بېرىپ،
گېلىغا پىچاق سوردى.
پىچاق يۈلۈندىن ئوتكەندە،
نەپسىنى تامام قىلدى.

× × ×

ھەۋزىخان قوپۇپ ئەمدى،
باۋۇدونغا يۈگەردى.
باۋۇدون يوز بېشى،
قىزنىڭ ھالىنى سوردى.
— چىرايىڭ سېرىق گۈلدەك،
نىمە بولدى ھەۋزىخان؟
يا يامانلىق چۈشتىمۇ،
ۋەقەنى قىلغىن بايان، —
دىگەن شۇ زامانلاردا.
پەس ئاۋازدا ھەۋزىخان:

— مەندىن جىق گەپ سورىمىسىلا،
ئاچچىقىنىڭ ئوزى شەيتان،
دۈشمىنىمنى ئولتۈردۈم،
ئۈستى - بېشىم غەرق قان. —
باھاۋۇدون يوز بېشى،
بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوچۇپ،
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
چىرايلىرى قارىداپ،
يۈرەكلىرى سېپ كەتتى:
— ھەي ھەۋزىخان، ھەۋزىخان،
نىمە سوزلەرنى دەيسەن؟ —
دىگەن شۇ زامانلاردا.
ھەۋزىخان ئېرەك سالماي،
— پۈتمىسىلە كىرىپ باقسىلا.
تاللىق باغدا ئولىگى،
كوز بىلەن كورۇپ باقسىلا. —
دەپ سوزىنى تامام قىلدى،
ۋەقەنى ئايان قىلدى.
باھاۋۇدون يوز بېشى،
يۈگرەپ كىردى تاللىققا.
كورۇپ ئىشتىن چوچىدى،
قولىنى كوزگە سۈركىدى،
بىر ئېتىمز يەر قان بىلەن،
بويۇلۇپتۇ نەم بىلەن.
ھەمراخان دىگەن موك - موك،
قانغا ئۇيۇشۇپ قاپتۇ.
باھاۋۇدون يوز بېشى،
كورۇپ شۇ دەم بۇ ھالنى،
پىشانىسىگە بىرنى سالدى.
باھاۋۇدون يوز بېشى،
ئويىگە يېنىپ چىقتى:
— قوقماڭ بالام ھەۋزىخان.
سىزگە ئولۈم كەلمەيدۇ،
سىزگە ئولۈم كەپ قالسا،
ئەللىك سەر پۇلۇم بادۇ.

شۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن،
بۇ ئىشنىڭ سىرى چاغدۇ،
دېگىنىدە شۇ زامان،
ھەۋزىخان گالگۇلۇك ئۆزى،
بايان قىلدى كېيىنى.
— خام خىيالغا نە چارە،
ئىزلەي ئىشنىڭ ئىپىنى.
ئۈچ پارچە خەت يازدۇرسىلا،
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇرسىلا،
ئۆزەم قىلغان گۇناغا،
باشقا ئامال تاپمىسىلا.
گۇنايىم ئازراق قالسۇن،
ئازغانلار ئىبرەت ئالسۇن، —
دېگىنىدە ھەۋزىخان،
ماقۇل كوردى يۈز بېشى،
ئۈچ پارچە خەت يازدۇردى.
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇردى،
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي،
يامۇلدىن ئامبال چىقتى.
ھەمراخاننى يەرلىدى،
ھەۋزىخاننى بەللىدى،
ئوخۇرەكتىن چىلەك باغلاپ،
ھەۋزىخاننى يوللىدى.

× × ×

بىر كام قىرىق كۈن ئۆتتى،
ھەۋزىخان يېتىپ كەتتى،
ھەۋزىخاننىڭ ئىچى پۇشۇپ،
گۈندىپاينى قىچقىردى،
بىر تەڭگە پۇلنى ئېلىپ:
— ما پۇلنى ئېلىپ چىقىپ،
ئوسما، ئۇپپا، ئەڭلىك ھەم
بىر ئەينەك ئېلىپ كىرگىن،
ئاشقىنىنى ئۆزەڭ چاغلاپ،
مانتا - سامسا ئەپ يېگىن، —
دېدى شۇ ئان ھەۋزىخان.
پۇلنى ئاڭا تاپشۇردى،
بوش كەيىپنى ئۆچۈردى.
گۈندىپاي چىقىپ دەرھال،
سودىنى قىلىپ كىردى.
ئۇپپا، ئەڭلىك، ئەينەكنى،
ھەۋزىخانغا تاپشۇردى.
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
پەردازنى تازا قىلدى.
ئەينەك كورۇپ ئۆزىنى،
غەملەردىن ئادا قىلدى.

× × ×

پەلەك چورگەلدى - چورگەلدى
زېمىننىڭ ماڭغىنى يالغان.
بۇ دۇنيادا ئىنساپ يوق،
ۋاپانىڭ ئۆزى ئالۋان.

× × ×

شۇ ئەسنادا سائەتتە
بۇيرۇق كەلدى بۇ يەرگە.
ئېچىپ باقسا ئىچىنى،
ئۆلۈم ئىكەن دېگىنى.
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
بۇيرۇقنى قولغا ئېلىپ،
— بارىكاللا — دەپ كېلىپ،
باغىرىققا ئۆچۈر بەردى.
باھاۋۇدۇن دادىسى،
شۇ سائەت يېتىپ كەلدى.
جىڭ دارىغا تازىم قىپ،
بۇ ئىشلارغا ھەسرەت قىپ،
كوزىنى ئېيتىپ كەلدى.
ئەللىك سەر پۇلنى ئېلىپ،
پۇل كۈچىنى كوپ بىلىپ،
— ئەي جىڭ دارىن، جىڭ دارىن،
ئۆلۈم خەتنى ياندۇرسىلا،
يۈرەكتىكى قايغۇنى،
ئىلاجى قىپ قايتۇرسىلا. —

شۇنداق دېگەن چاغلاردا،
جىنىڭ دارىن كۆزىنى قىسىپ،
— ئۇلۇم خېتى يانمايدۇ،
ئەمدى بىكار مۈڭ - زارىڭ.
ئۈچ كۈن ئالدىدا كېرىسەك،
ھەل بولاتتى دەۋايىڭ.
شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى،
سېنىڭ يۈزۈڭنى دەپ ئەمدى.
بوپتۇ بىرەي قىزىڭنى،
بەش كۈنلۈككە موھلەتتە.
مەقبۇل قىلدىم سۆزۈڭنى،
ئەكەل ۋاقتى سائەتتە. —
قىزىنى ئېلىپ كەتتى،
باھاۋۇدۇن خوش بولۇپ.
لېكىن ئۇلۇم تەھدىتى،
تۇرار دىلدا جوش ئۇرۇپ.
شۇنداقتىمۇ باھاۋۇدۇن،
سازەندىلەر يىغدۇردى.
ئۈچ كېچىلىك نەغمىدە،
يۇرت مەلىنى كۈلدۈردى.
ئۇلۇم كەلگەن قىزىنى،
ئەھلى يۇرتقا بىلدۈردى.
ئېلىپ رازىلىق شۇدەم،
كۆزلەردىن ياش تامدۇردى.
دۇئا قىلىپ مولىلار
تىلەپ دىدى خۇدادىن،
— ئىمانىغا قۇۋۋەت بەر.
جان ئاچچىغى كورسەتمەي.
جانىنى ئاسان ئۈزۈپ بەر.

× × ×

پەلەك چورگەلدى - چورگەلدى.
زېمىنىڭ ماگىغىنى يالغان.
بۇ دۇنيادا ئىنساپ يوق،
ۋاپانىڭ ئۈزى ئالۋان.
باھاۋۇدۇن يۈز يېشى،

يۇرت مەھەللىدىن خوشلۇشۇپ.
ھەۋزىخاننى ئېپ ماڭدى،
تاناي يېشىغا كەلگەندە،
ھەۋزىخان شۇنداق دىدى:
—بىر دەم توختاڭ جان دادا،
ئازغىنە گېپىم باردۇر.
يۇرت مەلىگە داڭ كەتكەن،
ھەۋزىخان ئېتىم باردۇر.
مېنى ئېتىپ بولغاندا،
بىللە ئېلىپ چىقىڭلار.
شايى ياغلىغىم باردۇر،
جىنازامغا ئېسىڭلار.
قارا مەخمەل بوكەم بار،
چۈمبىلىمنى يېپىڭلار.
ھەمراخانىنىڭ ئورنىنى،
قايتا يەنە ئېچىڭلار.
ئىچ يەرلىكنى قوش ئېچىپ،
بىرگە دەپنە قىلىڭلار.
نامىمىزنى قىزىتىپ،
تويغا ئوخشاش قىلىڭلا.
قىرىق دانە شاددە تىكىپ،
مازارىمغا ئېسىڭلار. —
شۇنداق دىدى ھەۋزىخان،
تامام قىلدى سۆزىنى.
جان مېھرىبان دادىسى،
ياشلاپ تۇردى كۆزىنى.
ئاتا - بالا ئىككەيلەن،
كىرىپ كەلدى يامۇلغا.
دوغا، يايى، پەششاپلار،
مەلۇم قىلدى دارىنغا.
گۇندىپايلار كىرىشتى،
يېقىن كېلىپ دىيىشتى:
— زەپ چىرايلىق چوكانكەن،
ئۆلتۈرۈشكە پايلاشماي،
ئېپ قېلىشقا تىرىشتى.

— ئۆلتۈرگىچە ھەۋزىنى،
بولماسمىدى ئورنىغا،
بەرسەك بىزنىڭ خوتۇننى.
بىزدە مۇنداق ئادەم ئاز،
بىزدە مۇنداق ئايال ئاز.
ئۆزى گاڭگۇك قەلەم قاش،
ئەسسەت! ئەسسەت! ئاھ ئەسسەت!
دىل ئاغرىدۇ، كوزدە ياش.
كۈندىپايلار گەپ بىلەن،
نائىلاجىدا قالدى.
يەتتە جاللات كىرىپ،
ھەۋزىخاننى ئەپ ماڭدى.
ھەۋزىخانمۇ يول بويى،
ئوز كېيىنى دەپ ماڭدى.
يەپ بازىرىغا كەلگەندە،
خالايىقتا ھەۋزىخان،
شۇنداق دىدى كوز تاشلاپ:
— ئاڭلا! ئاڭلا! خالايىق،
ئۇنىڭ سەرلىك ئاچچىقنى،
بىر داچەنگە ئالماڭلار.
ماڭا ئوخشاش خالايىق،
غەپلەت بىلەن قالماڭلار.
مەندىن رازى بولۇڭلار،
راۋان بولسۇن يولۇڭلار.
مېنى ھەرگىز دورىماي،
ئوزەڭلارنى تۈيۈڭلار. —
دىگىنىچە ھەۋزىخان
ئۆلۈم مەيدانىغا ماڭدى.
پاكلىنىپ ناماز ئوقۇش،
يادىغا كېلىپ قالدى.
دىدى شۇنداق جاللاتقا.
— بىر چوگۈندە سۇ بەرگىن.
ئوقۇۋالاي نامازنى.
بىر دەم ئىجازەت بەرگىن، —
رۇخسەت بېرىپ جاللاتلار،
تەلۇۋنى قاندۇردى.
ھەۋزىخانمۇ پاكلىنىپ،
نامىزىغا ئولتۇردى.

× × ×

پەلەك چورگەلدى ـ چورگەلدى.
زىمىننىڭ ماڭغىنى يالغان،
بۇ دۇنيادا ۋاپا يوق،
ۋاپانىڭ ئوزى ئالۋان.
گۈل چېچى گۈلزار چېچى،
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدۇر.
ھاياتىڭدا تۈز ئوتمەك،
مىڭ قىيامەت مالەمدۇر.
مىلتىق ئېلىپ جاللاتلار،
تەييارلاندى ئاتقىلى.
ھەۋزىخاننى ئاغرىتماي،
ئۇ دۇنياغا چاتقىلى.
دىدى شۇنداق ھەۋزىخان:
— مېنى ئاتساڭ ئوستاڭ ئات ـ
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.
بۇ جاننى بىراقلا ئال،
ئوقۇڭنى ئۇدۇل دەللە.
مانا بۇ بىر سەرنى خەجلەڭلا،
ئۇدۇل كوكرەكنى نەخلەڭلار، —
بەلگىلەنگەن بىر جاللات.
پۇتىنى يىغىپ تۇردى.
بىر كوزىنى يىڭا قىسىپ،
مىلتىقىدىن ئوق ئۇزدى،
تېگىپ بۇ ئوق تاغاققا،
ھەۋزىخان نەپەس ئۈزدى.

× × ×

ئاللا يارەي ئاللا يار،
تەلەي شۇنداق كاج ئىكەن.
يامانغا ئولۇم يوقتۇر،
ئىنساپنىڭ يېغى ئازكەن.

× × ×

باھاۋۇدۇن يۈز بېشى،
ئۆزىنى تولا ئېتىپ،
ياقىلىرىنى يىرتىپ،
ماتەم تۇتۇپ يىغلىدى.

ھەۋزىخانغا چىدىماي،
قوشاقلار بېغىشلىدى،
قاراپ تۇرغان خالايىق،
بىھوش بولۇپ يىقىلدى.
ئابدۇللانىڭ پاختىگى،
تەرەپ - تەرەپ چېچىلدى.
ھەۋزىخان جەسىتىنى،
باغىرىقتا ئېپ چىقىشتى.
يەكەن يولى بويىدا،
دەپنە قىلىپ يېپىشتى.
ئاڭلا مۇڭزار خالايىق،
بىزگە ماتەم مىراسمۇ.
ئابدۇللادەك بەدەرەكنىڭ،
خۇدا جاجىسىنى بەرمەسمۇ؟
باھاۋۇدۇن ئاق چاچلىق.
يىغلاپ قوشاق قاتىدۇ،
ھەۋزىخاننىڭ دەردىدە.
ئاش - نان يىمەي ياتىدۇ،
— خادىڭىزغا قارىسام،
شايە ياغلىق چىگىكلىك.
سىز ئولگىچە ياش تۇرۇپ،
ئۇلۇم ماڭا تېگىشلىك.
ئۆيگە كىرسەم ئۈن - تۈن يوق،
مۈشۈكمۇ مىياۋلىماس.
دەردىڭىزدە ئەي بالام،
بۇ يۈرۈكۈم چىدىماس.
مېھمانخانىغا كىرسەم،
يىمىگەن نانىڭ تۇرار.
ئويدىكى كىيىملىرىڭ،
ئالدىمدا پارلاپ تۇرار.
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
يۈرەككە قانىنى يىققۇلۇق.
ھەۋزىخان كېتىپ قالدى،
ئەمدى پۇتىنى يىققۇلۇق.
ھەۋزىخان دەپ يىغلىدۇق،
يۈرەكنى يەرگە يەملىدۇق.
ھەۋزىخان ئولۇمىدىن،
ياخشى - يامانىنى پەملىدۇق.

---

توپلاپ رەتلىگۈچىلەردىن ئىزاھلار:

1 - ئارىغول - قارىقاش ناھىيىسى ئىمامى ئەپتەر يېزىسىدىكى تەۋە بىر جاينىڭ ئىسمى.

2 - باغىرىق - قارىقاش ناھىيىسى ئىمامى ئەپتەر يېزىسى ئۇۋاۋغ ئاتا رايونىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى .

3 - كات - خوتەن يەرلىك شىۋىسىدە « كارىۋات — كات » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

4 - جەمىرەپ - ئوزىنى تۈزەشتۈرۈش، ئوڭلاپ كېلىش، دىگەنلىكتۇر.

5 - قۇيلۇتۇپ - ئويىنۇتۇش، مىدىرلىتىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

6 - سارا سېلىش — داۋراڭ سېلىش، ئالا - توپىلاڭ كوتەردى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

7 - ساخال — تۈپىدىن قوپۇرۇلغان كۆملاش تاملارغا تىكەندىن ئورنىتىلغان توساقنى كورسىتىدۇ.

«ھەۋزىخان» داستانىنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا خەلق قوشاقچىلىرى راۋاپ بىلەن ئېيتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئېيتىش جەريانىدا چۈشۈرۈپ قويۇش، قوشۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بولغىنى ئۈچۈن قولىمىزدىكى بىر قانچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلىغىنى نەشرگە سۇندۇق.

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر:

خوتەن سىپەن جۇەنكې مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن: شېرىپجان قاسىم، مامىتئىم ئېزىز، مەھەممەت ئابلا باقى، مەريەم ھوشۇر، رازىگۈل مەتتىمىن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: خوتەن قارىقاش ناھىيە زاۋا گۇڭشېسىدىكى ئەخمەت ئاخۇن
خوتەن ناھىيە لاگرۇ گۇڭشېسىدىكى رەجەپ ئاخۇن.

## كىتاپخانلاردىن خەت

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات — سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيغۇر ئىشخانىسىغا

يولداشلار:

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «مىراس» نىڭ بىرىنچى سانىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.

بۇ ژورنالنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى مېنى چەكسىز خۇشال قىلدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئاساسلىق ماقالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە ئۇنى نەشر قىلىپ تارقىتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى تۈگىمەس - پۈتمەس بىر بايلىق بولۇپ، بۇ بايلىقنىڭ ھازىرغىچە پېتى بۇزۇلماي كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە جەمئىيىتىڭىزلەر تەرىپىدىن بۇ زور ئىش رەسمىي قولغا ئېلىنىپ، بۇ ھەقتە چەڭگىۋار پىلان تۈزۈلۈپتۇ. ئۇلۇغ زور ئىشنىڭ باشلىنىش ئوقتىسى سۈپىتىدە «مىراس» نەشرقىلىنىپ ھەممىمىزنى چەكسىز خۇشال قىلدى.

مەن ئىشىنىمەنكى، پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىگى ئاستىدا كەڭ خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى، قوللىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا بۇ مەقسەت چوقۇم غەلىبىلىك ئورۇنلىنىپ شانلىق نەتىجىلەرقولغا كەلگۈسى.

مەن بىر ئاددى كادىرمەن. ئەدەبىيات - سەنئەتتىن خەۋىرىم يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يولداش پەتتارجان مۇھەممەتنىڭ «ھەممىمىز يەنە ھەركەتكە كېلىپ فولكلور خىزمىتىنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن ماقالىسى ۋە ژورنالنىڭ ئاخىرقى بېتىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىشخانىسى نامىدىن كىتاپخانلارغا قىلغان چاقىرىقنى ئوقۇپ ئىلھاملاندىم. بىر ئۇيغۇر بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ زور ئىشقا بىر تامچە بولسىمۇ ھەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتىم بارلىغىنى ھېس قىلىپ، ئويلىنىش ئارقىلىق بىر نەچچە چۆچەك، لەتىپىلەرنى ئەسىگە ئېلىپ، ئۇنى يېزىپ چىقىپ ئەۋەتتىم.

بۇ نەرسىلەرنى ئېغىزغا ئالغىدەك بىر نەرسىلەر دەپ ئېيتالمايمەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ماۋزۇسى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى جەھەتلەردە تۈزۈتۈش ھوقۇقى، بېسىش - باسماسلىق ھوقۇقى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا.

مەن يەنە ئىزدىنىپ ماتېرىيال توپلاپ يوللاپ تۇرىمەن.

يەنە بىرى، مەن ئوقۇغان رومان ۋە كىتاپلاردىن بىر نەچچە يۈز پارچە تەمسىل سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ توپلاپ قويغان ئىدىم، بۇنىمۇ يوللاپ بەرمەكچىمەن. سىزلەرنىڭ ۋاقتىڭىزلارنى زايا قىلىشىم مۇمكىن، ئەپۇ قىلغايسىزلەر.

ھۆرمەت بىلەن

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى:

سوپى سەلەي

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# ھۆرمەتلىك كىتابخانلار:

«مىراس» ناملىق بۇ ژۇرنىلىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىڭىز يادلاپ ئالغان، ئېسىڭىزدە ساقلىغان، باشقىلار تېخى ئېيتمىغان، نەشرىيات يۈزى كۆرمىگەن، ئاتا - بوۋىلاردىن قېلىپ غەزىنە بولۇپ ساقلىنىۋاتقان بارلىق گۆھەرلەر ئېسىڭىزگە كېلەر. ئۇنداقتا سىز ئۇنى قوساقتا ياكى ساندۇقتا بىكارغا ساقلىماي، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە ئالدىراڭ. خەلقىنىڭ نەپ ئېلىشىغا، ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇشىغا، تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا دادىل تاپشۇرۇڭ. نېمىنى بىلسىڭىز، شۇنى ئۆز ئەينى رەتلەپ بېرىپ داۋاملىق يوللاپ تۇرۇڭ. خەلق ئەدەبىياتىدىن خەۋىرى بار دوستلىرىڭىزنى خاتىرىلەشكە، ياكى بولمىسا، خاتىرىلەپ ئالغۇچىغا ئېيتىپ بېرىشكە ئۈندەڭ، تەشۋىق قىلىڭ! گۇمانلانمىدىغان، ئەندىشە قىلمىدىغان ۋاقىتلار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. تاڭ قوياشى نۇرىنى ئايىماي چاچقان بۇ دەۋراندا "گۆھەر"لىرىمىزمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتسۇن! ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن چىقىپ پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مۈلكىگە ئايلىنىپ، زاماندىشلىرىمىزنى خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن تونۇشتۇرۇشتا، بۈگۈنكى كۈننى چۈشىنىشكە، پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىغا ياردەم قىلسۇن؛ بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمىز — پۈتمەس - تۈگىمەس ئېسىل غەزىنە. بۇ، خەلقىمىز، مىللىتىمىز پۈتكۈل تارىخىنىڭ بىر بۆلىكى، بىزنىڭ جاھاندا ئەينىكىمىز.

بىزگە خەلق داستانلىرى، چۆچەكلىرى، رىۋايەتلەر، ئەپسانىلار، تېپىشماقلار، قوشاق - بېيىتلەر، ئەقلىيە سۆزلىرى، ئېرسالنامە (يوللانما خەت)، قوشاق (مۇھەببەت، ئەمگەك، تارىخى قائىدە - يوسۇن قوشاقلىرى)، ھەجۋى، چاقچاق، بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر...... ئۇمۇمەن مىللىتىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت، مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تۈرلۈك ژانىرىدىكى ھەر خىل خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى ئەسەرلىرىنى ۋە شۇ ئەسەرلەر ھەققىدە يېزىلغان ماقالە ۋە ماتېرىياللار، مەلۇم نەزىيەۋى قىممەتكە ئىگە ئىلمى تەتقىقات ماقالىلىرىنى قەغەزنىڭ بىر بېتىگە ئۇچۇق ۋە پاكىز، قۇر ئارىلىغىنى كەڭرەك قويۇپ كۆچۈرۈپ داۋاملىق بىزگە يوللاپ تۇرۇڭ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ ئەۋەتكەندە، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ.

خېتىڭىزنى: ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى، 32 - قورا، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بولۇمىگە تەگسۇن، دەپ يازسىڭىز بىزگە تېگىدۇ.

ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيغۇر ئىشخانىسى.

تېلېفون نومۇرى № 37427



← چەمەن گۈلشى سەنئەت
دۆيى دېخانلارغا ئويۇن
قويۇپ بەرمەكتە.



← مەشھۇر خەلق
سەنئەتچىسى
پەشقەدەم نىساخان
ئاچا بىر قولىدا
داپ، بىر قولىدا
دۇتار چېلىپ،
ناخشا ئېيتماقتا.
(80 ياش)



← خەلق سازەندىسى ئالىم ئاخۇن (75 ياش)

مۇقاۋىنى ۋە ھۆسنىخەتلىرىنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن لايىھىلىگەن

مىراس (پەسىللىك ژورنال) 2 - سان
遺产（维吾尔文季刊）第二期

تۈزگۈچى: جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىشخانىسى

باسقۇچى: شىنجاڭ تىببى ئىنستىتۇت باسما زاۋۇدى